# ئۆلىمالار
# olimalar

انما يخشى الله من عباده العلماء

ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ.



2021-يىللىق 1-سان، ئومۇمىي 3-سان

—— يېرىم يىللىق دىنىي ژۇرنال ——

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ نەشر ئەپكارى
DOĞU TÜRKİSTAN ULEMALARI DERNEĞİ YAYINLARI
منشورات وأفكار اتحاد علماء تركستان الشرقية
PUBLISHER OF THE EAST TURKISTAN MUSLIM SCHOLARS ASSOCIATION

ئۆلىمالار
olimalar

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

## مۇندەرىجە

تابىئىنلار دەۋرىدە يېزىلغان ھەدىس.....................................
..................................... ئابدۇسالام تەكلىماكان (2)

ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىش........ ئوبۇلقاسىم ئەھمىدى (11)

دەۋەت ۋە دىن ئۆگىتىش يولىدىن چېكىنىۋاتقانلارنىڭ باھانە -
سەۋەبلىرى....................... مۇھەممەد ئەمىن بىشارەت (20)

ئىسلامدىكى جازا قانۇنلىرى ھەققىدىكى سەپسەتىلەرگە رەددىيە
ئىبراھىم ئىبنى تەۋفىق بۇخارى..............................(35)

سىيەر ھەققىدىكى تۈنجى يازما ئەمگەكلەر............................
مۇستاپا فايدا..................................................(45)

ئەقىل ۋە ئۇنى ئىشلىتىش................مۇھەممەد يۈسۈپ (56)

ئىسلام ۋە ئۇنىڭ ئۇنىۋېرساللىقى ....... تاھىرجان ئاباس (65)

0212 540 31 13
Adres: Kemalpaşa Mahallesi 1. Biga Sokak
No: 27 Daire:5 Küçükçekmece/İstanbu
www.olimalar.org olemalarjournili@gmail.com

2021-يىللىق
1-سان
(ئومۇمىي 3-سان)

ژۇرنال مەسئۇلى:
دوكتور
ئاتاۋۇللاھ شاھيار

باش مۇھەررىر:
مۇھەممەد يۈسۈپ

تەھرىر ھەيئىتى:
ئابدۇلئەھەد ھاپىز
ئابدۇراھمان جامال كاشغەرىي
ئابدۇرېھىم دۆلەت
ئوبۇلقاسىم ئەھمىدى
ئابدۇسالام تەكلىماكان
ئابدۇلئەھەت ئۈجات
تاھىرجان ئاباس

مۇقاۋا ۋە بەت لايىھەلىگۈچى:
ئىستىقلال مېديا



# تابىئىنلار دەۋرىدە يېزىلغان ھەدىسلەر

ئابدۇسالام تەكلىماكان

## ھەدىسلەرنىڭ بىزگە يېتىپ كېلىش جەريانى

ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى، ئىشى ۋە ھال - ھەرىكىتىنى، شۇنىڭدەك ئۇ زاتنىڭ باشقىلارنىڭ سۆزى ياكى ئىشى ۋە ھال - ھەرىكىتىنى ماقۇللاش ياكى سۈكۈت قىلىش ۋە ياكى ئۇنى ياقتۇرماسلىقتەك پۈتۈن ھال - ھەرىكىتىنى بىلدۈرىدىغان ئومۇمىي بىر ئاتالغۇدۇر.

ئون تۆت ئەسىر ئاۋۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سادىر بولغان بۇ بىرىكمىنىڭ كۈنىمىزگىچە يېتىپ كېلىشىنىڭ ئۆزىنىلا بىر مۆجىزە دېسەك ھەرگىزمۇ ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز.

ھەدىسلەرنىڭ بىزگە يېتىپ كېلىشى تۆۋەندىكىدەك تۆت باسقۇچتىن تەركىب تاپىدۇ:

1. رىۋايەت باسقۇچى. يەنى ھەدىسلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سادىر بولغاندا، ئۇنى كۆرۈش، ئاڭلاش ۋە ئەستە تۇتۇش باسقۇچى. بۇ باسقۇچ سائادەت دەۋرىدىلا باشلانغان.

2. كىتابەت باسقۇچى. يەنى ھەدىسلەرنىڭ رەتلەنمەستىن يېزىلىشى. بۇ باسقۇچمۇ سائادەت دەۋرىدە باشلانغان.

3. تەدۋىن باسقۇچى. يەنى يېزىلغان ھەدىسلەرنى ئىككى مۇقاۋا ئارىسىغا ئېلىپ كىتابلاشتۇرۇش باسقۇچى. بۇ باسقۇچ ئەمەۋىي خەلىپىسى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئىبنى شىھاب ۋە زۇھرى قاتارلىق بۈيۈك ئىماملار تەرىپىدىن ئەمەلىيلەشكەن. (ماقالىمىز مانا مۇشۇ ھەقتە بولىدۇ).

4. تەسنىف باسقۇچى. يەنى ھەدىس ھەققىدە يېزىلغان كىتابلارنىڭ پەرقلىق مېتودلار بويىچە رەتلىنىش باسقۇچى. بۇ باسقۇچ ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىردە باشلىنىپ، ئۈچىنچى ئەسىردە گۈللەنگەن.

دېمەك، ھەدىسلەرنىڭ بىزگە يېتىپ كېلىشىنى يۇقىرىقى مۇشۇ تۆت باسقۇچقا خۇلاسىلەش بىلەن ئىزاھلاش مۇمكىن.

بىز ژۇرنىلىمىزنىڭ ئالدىنقى سانىدا ئېلان قىلغان ماقالىمىزدا،

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىس سۆزلىگەن، ياكى بىرەر ئىش قىلغان ۋاقىتتا، كۆپىنچە ئەھۋالدا ئۇ زاتنىڭ ھۇزۇرىدا بىر ياكى بىر نەچچە ساھابە كىرامنىڭ بولىدىغانلىقىنى، كۆپ سانلىق ساھابىلەر ھەدىسلەرنى يادقا ئېلىپ، كېيىنكىلەرگە يەتكۈزۈش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغانلىقىنى، ئاز بىر قىسمى بولسا ھەدىسلەرنى يېزىپ قالدۇرۇشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى ئىلمىي ئاساستا ئوتتۇرىغا قويغان ئىدۇق. شۇنىڭدەك ماقالىمىزدا يەنە، ھەدىسلەرنىڭ ھىجرىيە ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ئەسىرلەردە ئاۋۋال پەقەتلا ئېغىزچە رىۋايەت بىلەن يەتكۈزۈلگەنلىكىنى، ئېغىزچە رىۋايەتتە ئۇنتۇش ياكى ئۆزگەرتىش ئېھتىماللىقىنىڭ يۇقىرىلىقىنى دەۋا قىلىپ، ھەدىسلەرگە ئىشىنىشكە بولمايدىغانلىقىنى كۆتۈرۈپ چىققۇچى ھەدىس ئىنكارچىلىرىنىڭ سەپسەتىلىرىگە لايىقىدا جاۋابىمىزنى بەرگەن ئىدۇق. ماقالىمىزنىڭ ئاخىرىدا، مۇسۇلمانلارنىڭ ھىجرىيە بىرىنچى ئەسىردىن باشلاپلا ئىلمىي خىزمەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى ۋە كۈنىمىزدىكى مۇسۇلمانلارنىڭمۇ ئاشۇ مۇقەددەس يولغا قايتماي تۇرۇپ، نىجاتلىققا ئېرىشەلمەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا يەنە بىر قېتىم ئەسلەتكەن ئىدۇق. بۇ ماقالىمىزدا بولسا ھەدىسلەرنىڭ رەسمىي بۇيرۇق بىلەن يېزىلىش جەريانىنى بايان قىلىش ئارقىلىق، ھەدىس ئىلمىنىڭ ھىجرىيە بىرىنچى ئەسىردىلا ئەمەۋىي خەلىپىلىكىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن يېزىلىشىنىڭ رەسمىي باشلانغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇش، بۇ ئارقىلىق ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ۋە مۇھەممەد ئىبنى شىھاب زۇھرىينىڭ ھەدىسكە قوشقان تۆھپىسىنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق بىلەن بىرگە، ھەدىس ئىلمىنىڭ ھىجرىيە ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى ئەسىرلەردە ئەمەس، ئەكسىچە بىرىنچى ئەسىردىلا رەسمىي بۇيرۇق بىلەن يېزىلىشقا باشلىغانلىقىنى ۋە ھەدىسلەرنىڭ ئېغىز بىلەنلا رىۋايەت قىلىنماستىن، يېزىقچە رىۋايىتىنىڭمۇ بىرىنچى ئەسىردىلا رەسمىي باشلىنىپ بولغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى مەقسەت قىلىمىز. بۇ ئارقىلىق ھەدىسنىڭ ئىسلامدىكى ئورنىغا تىل ئۇزىتىدىغان دىن دۈشمەنلىرى ۋە ئۇلارنىڭ يولىدىن ماڭغان ئازغۇنلارغا ئىلمىي ئۇسۇلدا رەددىيە بېرىش، شۇنداقلا ھەدىسكە قارىتىلغان سەلبىي كۆز قاراشلارنى تۈزىتىش مەقسەت قىلىنىدۇ.

## تابىئىنلار دەۋرىدە ھەدىس

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى بىلەن ھەمسۆھبەت بولغان تابىئىنلار دەۋرىدە ھەدىس ئاغزاكى رىۋايەت بىلەن بىللە يېزىقچە رىۋايەت باسقۇچىنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇپ ماڭدى. بۇ دەۋرىدىمۇ خۇددى ساھابىلەر دەۋرىدىكىدەكلا ئاغزاكى رىۋايەت ئومۇملاشقان ۋە يېزىقچە رىۋايەت قوشۇمچە داۋاملاشقانىدى. بۇ ئەھۋال

ئەمەۋىي خەلىپىسى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز مۇھەممەد ئىبنى مۇسلىم ئىبنى شىهاب زۇهرىيغا ھەدىسلەرنىڭ يېزىش توغرىسىدا يارلىق چۈشكۈچە داۋاملاشقان. تۆۋەندە بىز تابىئىنلار دەۋرىدە يېزىلغان ھەدىسلەردىن نەمۇنە خاراكتېرلىك بىر نەچچە يازمىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئىبنى شىهابنىڭ ھەدىسلەرنىڭ يېزىلىشىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

### 1. ئەبان ئىبنى ئوسمان ئىبنى ئاففان (ۋاپات بولغان ۋاقتى 105 - 723)

ئەبان ئىبنى ئوسمان ئىبنى ئەففان تابىئىنلارنىڭ ئارىسىدا تۇنجى كىتاب يازغانلارنىڭ بىرى دەپ قارىلىدۇ. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غازاتلىرى ناملىق ئەسىرنى يېزىپ قالدۇرغان. ئۇنىڭ مەزكۇر ئەسىرى ئۆز دەۋرىدە خېلىلا تارقالغان بولسىمۇ، ئەپسۇسكى كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلمىگەن. ئۇنىڭ مەزكۇر ئەسىرى ھەققىدە ئىبنى سەئىد مۇغىرە ئىبنى ئابدۇرراھماننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىزدە ھەدىس ھەققىدە يېزىلغان ئەسەرلەردىن پەقەتلا ئەبان ئىبنى ئوسمان ئىبنى ئەففاننىڭ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ غازاتلىرى ھەققىدە يازغان ئەسىرىلا بار ئىدى».

### 2. ئەبۇ سەلەمە ئىبنى ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف (ۋاپات بولغان ۋاقتى 94 - 712 - 13)

مەدىنىنىڭ يەتتە چوڭ ئۆلىماسىنىڭ بىرى دەپ تونۇلغان ئەبۇ سەلەمە ئىبنى ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋفنىڭ ھەدىس يازغان ۋە يازدۇرغانلىقى ھەققىدە مەلۇماتلار مەۋجۇتتۇر. بۇ ھەقتە خەتىب باغدادىي ئىبنى ئىسھاقنىڭ: «ئەبۇ سەلەمە ئىبنى ئابدۇرراھماننىڭ ئوقۇغۇچى بالىنى مەكتەپتىن ئېلىپ، ئۆيىگە ئاپىرىپ، ھەدىس يازدۇرغانلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭمۇ ھەدىس يېزىپ بەرگەنلىكىنى كۆردۈم»، دېگەنلىكىنى بايان قىلغان.

### 3. تاۋۇس ئىبنى كەيسان (ۋاپات بولغان ۋاقتى 106725 - )

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، شاگىرتلىرىدىن بىرى بولغان تاۋۇس ئىبنى كەيساننىڭ ھەدىس يازغانلىقى ۋە يازدۇرغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ئىمام دارقۇتنى تاۋۇس ئىبنى كەيساننىڭ ئوغلىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: «دادامنىڭ يېنىدا دىيەت ھەققىدە يېزىلغان بىر كىتاب بار بولۇپ، ئۇ كىتابتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي قىلىنغان مەلۇماتلار قەيت قىلىنغان».

### 4. شەئبىي (ۋاپات بولغان ۋاقتى 104 - 722)

ئىسلام تارىخىدا تۇنجى كىتاب يازغانلارنىڭ قاتارىدا سانىلىدىغان ئامىر ئىبنى شۇراھىل شەئبىينىڭ ھەدىس يازغانلىقى ۋە يېزىشقا تەشەببۇس قىلغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتلار مەۋجۇت. ئۇنىڭ «مىراس» ناملىق ئەسىرى ھەققىدە ئىمام ئىبنى ئەبۇ ھاتەم رازى ئابدۇرراھماننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى

بايان قىلغان: «مۇھەممەد ئىبنى ئىمران بىزگە شەئبىينىڭ مىراس ئىسمىلىك ئەسىرىنى يازدۇرغانىدى». شەئبىينىڭ «تالاق» ھەققىدە يېزىلغان ئەسىرىمۇ بار بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ ئەسەرنى يازغانلىقىنى خەتىب باغدادىي بايان قىلغان، شەئبىينىڭ «ھۆكۈم ھەدىسلىرى» ناملىق بىر ئەسىرىنىڭمۇ بارلىقى مەلۇم، بۇ ھەقتە خەتىب باغدادىي ئاسىم ئەھۋەلنىڭ شەئبىيگە ھۆكۈم ھەدىسلىرىنى ئوقۇپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن رىۋايەت قىلىش ئىجازىتى ئالغانلىقىنى ئېيتقان. يەنە بىر نەقىلگە ئاساسلانغاندا، شەئبىينىڭ «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غازاتلىرى» ناملىق ئەسىرى ھەققىدە، خەتىب باغدادىي ئابدۇلمەلىك ئىبنى ئۇمەيرنىڭ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما شەئبىينىڭ «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غازاتلىرى»نى ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «بۇ يىگىت خۇددى بىز بىلەن ئاشۇ غازاتلارغا قاتناشقاندەك بىلىدىكەن» دېگەن.

## 5. ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير ئىبنى ئاۋۋام (ۋاپات بولغان ۋاقتى 94 - 713)

ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىزنىڭ جىيەنى بولغان ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير ئىبنى ئەۋۋامنىڭ ھەدىس يازغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتلار بار. ئۇنىڭ ھەدىس يېزىشىغا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يول قويغان. بۇ ھەقتە خەتىب باغدادىي ئۇرۋە ئىبنى زۇبەيرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ماڭا:

- ئوغلۇم! سېنىڭ مەندىن بىر ھەدىسنى تەكرار يازىدىغانلىقىڭنى ئاڭلىدىم (نېمىشقا بۇنداق قىلىسەن؟)،
- دېگەن ئىدى، مەن:

- مەن سىزدىن بىر ھەدىسنى بىر قېتىم باشقىچە، يەنە بىر قېتىم باشقىچە ئاڭلايمەن، - دېدىم. ئۇ مەندىن:

- ئىككى قېتىم ئاڭلىغىنىڭ ئارىسىدا مەنە جەھەتتە پەرق بارمۇ؟ - دەپ سورىغان ئىدى، مەن:

- ياق، - دېدىم. ئۇ:

- ئۇنداقتا مەسىلە يوق، - دەپ جاۋاب بەردى».

ئۇرۋەنىڭ ئەسەرلىرى ئارىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىنى قەلەمگە ئالغان ئەسىرى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىمام تەبارانىمۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۇرۋەنىڭ بۇ ئەسىرىدىن كۆپلەپ نەقىل كەلتۈرگەن، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە نەقىل قىلىنغان پارچىلار ئىچىدە ئەنسارىيلاردىن بەنى بەيازە جەمەتىنىڭ بايانىمۇ مەۋجۇت.

## 6. ئەبۇ ئالىيە رەفىئ ئىبنى مۇھران بەسرى رىياھى (ۋاپات بولغان ۋاقتى 90 - 709)

ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن بولغان ئەبۇ ئالىيەنىڭ باشقىلارنى ھەدىس يېزىشقا رىغبەتلەندۈرگەنلىكى ھەققىدە رىۋايەتلەر مەۋجۇت. بۇ ھەقتە ئەبۇ خەلدە مۇنداق دەيدۇ: «ئەبۇ ئالىيە رىياھى مېنىڭ قوشنام ئىدى، ئۇ ماڭا

داۋاملىق: مەندىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن، باشقىلاردىن ھەدىس ۋە ئىلىمنى ئىزدەپ يۈرگەننىڭ ئورنىغا مەندىن سورىغىن ۋە مەن بىلىدىغان ھەدىسلەرنى يېزىۋالغىن، - دەيتتى».

### 7. مۇجاھىد ئىبنى جەبر (ۋاپات بولغان ۋاقتى 103 - 721)

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن بولغان مۇجاھىد ئىبنى جەبرنىڭ تەپسىر ھەققىدە ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئاڭلىغان بارلىق مەلۇماتلىرىنى يېزىپ قالدۇرغانلىقى رىۋايەتلەر بار. بۇ ھەقتە ئىبنى ئەبۇ مۇلەيكە مۇنداق دەيدۇ: «مۇجاھىدنىڭ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قۇرئاننىڭ تەپسىرىنى سورىغانلىقىنى ۋە سوراۋاتقان جەرياندا قولىدا خەت يازىدىغان تاختايلارنىڭ بارلىقىنى كۆرگەن ئىدىم، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا: يازغىن، - دەيتتى. مۇجاھىد قۇرئاننىڭ تەپسىرىنى تامامىلىغۇچە ئىزچىل مۇشۇ بويىچە ئىش كۆرگەن».

### 8. ھەسەن ئىبنى يەسار بەسرى (ۋاپات بولغان ۋاقتى 110 - 728)

تابىئىنلارنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن بىرى بولغان ھەسەن بەسرىنىڭمۇ ھەدىس يېزىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە مۇھەممەد ئىبنى سالام مۇنداق دەيدۇ: «بىز ھەسەن بەسرىگە: ساڭا تىڭشىتىۋاتقان بۇ كىتابلارنى بىز باشقىلارغا يەتكۈزگەندە نېمە دەيمىز؟ - دەپ سورىغان ئىدۇق، ئۇ: ھەسەن بىزگە سۆزلەپ بەردى، دەپ رىۋايەت قىلىڭلار، - دېگەن».

### 9. ئاتائ ئىبنى ئەبۇ رەباھ (ۋاپات بولغان ۋاقتى 114 - 732)

تابىئىنلارنىڭ ئۆلىمالىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان ئاتائ ئىبنى ئەبۇ رەباھنىڭ باشقىلارنى تۈرلۈك ۋاسىتىلەر بىلەن ھەدىس يېزىشقا تەشەببۇس قىلغانلىقى ھەققىدە رىۋايەتلەر مەۋجۇت. بۇ ھەقتە ئۇتبە ئىبنى ئەبۇ ھەكەم ھەمەدانى مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئۆسمۈر ۋاقتىمىزدا ئاتائ ئىبنى ئەبۇ رەباھنىڭ يېنىدا بولاتتۇق، ئۇ بىزگە: بالىلار! كېلىڭلار، ھەدىس يېزىۋېلىڭلار، ياخشى يېزىشنى بىلمىگەنلەرگە ئۆزۈم يېزىپ بېرەي، قەغەز - قەلىمى يوقلارغا مەن تېپىپ بېرەي، - دەيتتى».

### 10. قەتادە ئىبنى دەئامە سەدۇسىي (ۋاپات بولغان ۋاقتى 117 - 735)

قەتادە تابىئىنلار دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا ياشىغان ۋە بىر نەچچە ساھابە بىلەنلا ھەمسۆھبەت بولغان بولسىمۇ، تەپسىر ئىلمىنىڭ چوڭ ئۆلىمالىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ تەپسىر ھەققىدە كىتاب يازغانلىقىنى ئىبنى نەدىم ئۆزىنىڭ «فەھرىست» ناملىق ئەسىرىدە بايان قىلغان. قەتادەنىڭمۇ ھەدىس يېزىشقا تەشەببۇسكار بولغانلىقى ھەققىدىمۇ رىۋايەتلەر مەۋجۇت. بۇ ھەقتە ئەبۇ ھىلال مۇنداق دەيدۇ: «قەتادەگە: ئى ئەبۇ خەتتاب! سەندىن ئاڭلىغانلىرىمىزنى يازايلىمۇ؟ - دەپ سورىغان ئىدۇق، ئۇ: ئاللاھ

تائالا ئۆزىنىڭ يازغانلىقىنى بايان قىلغان تۇرسا، سېنى يېزىشتىن كىم توسۇپ قالالايدۇ؟ - دېدى ۋە: (قَالَ عِلْمُهَا عِندَ رَبِّي فِي كِتَٰبٍۖ لَّا يَضِلُّ رَبِّي وَلَا يَنسَى) (مۇسا ئېيتتى: «ئۇلار توغرىسىدىكى مەلۇمات پەرۋەردىگارىمنىڭ دەرگاھىدا لەۋھۇلمەھپۇزدا (خاتىرىلەكلىكتۇر)، پەرۋەردىگارىم ھەم خاتالاشمايدۇ ھەم ئۇنتۇمايدۇ) دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى».

## ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ۋە ئىبنى شىھاب زۇھرىنىڭ ھەدىسلەرنىڭ يېزىلىشىدىكى رولى ۋە ھەدىسلەرنىڭ يېزىلىشىدا يېڭى بىر باسقۇچ

ھەدىس تارىخىدىكى بۇرۇلۇش نۇقتىلىرىنىڭ بىرى ھەدىسلەرنىڭ كىتاب ھالىتىدە يېزىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ مۇھەممەد ئىبنى مۇسلىم ئىبنى شىھاب زۇھرى بىلەن باشلانغان. ھەدىس يېزىش بۇيرۇقىنى بولسا ئەمەۋىي خەلىپىسى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز بەرگەن. زۇھرى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز بىزنى ھەدىسلەرنى يېزىشقا بۇيرىدى. بىز ھەدىسلەرنى كىتاب ھالىتىدە يېزىپ تەييارلاپ بولغاندىن كېيىن ئۇ ئۆز تەۋەلىكىدىكى پۈتۈن شەھەر ۋە رايونلارغا بىر نۇسخىدىن يوللاپ بەرگەن». ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ مەزكۇر پەرمانى پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا خەلىپە بولۇش سۈپىتى بىلەن چىقىرىلغانلىقى ئۈچۈن رەسمىي يارلىق بولۇپ ھېسابلىناتتى. تۆۋەندە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ۋە ئىبنى شىھاب زۇھرىنىڭ ھاياتى ۋە ھەدىسلەرنىڭ يېزىلىشىدىكى رولى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز:

### 1. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز (ۋاپات بولغان ۋاقتى 101 - 720)

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئىبنى مەرۋان ھىجرىيە 61 - يىلى (مىلادىيە 680 - يىلى) مەدىنىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئانىسى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ نەۋرىسى ئىدى. ئۇ ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىب، سائىب ئىبنى يەزىد، سەھل ئىبنى سەئىد، ئەنەس ئىبنى مالىك قاتارلىق ساھابىلەر بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولغان. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز سەئىد ئىبنى مۇسەييەب، ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير، ئەبۇ سەلەمە ئىبنى ئابدۇرراھمان قاتارلىق كاتتا تابىئىنلاردىن دەرس ئالغان. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزدىن بولسا رەجائ ئىبنى ھەيۋە، مۇھەممەد ئىبنى مۇنكەدىر، ھەمىد تەۋىل، يەھيا ئىبنى سەئىد ئەنسارى قاتارلىق ئۆلىمالار دەرس ئالغان. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ۋەلىد ئىبنى ئابدۇلمەلىكنىڭ دەۋرىدە سەككىز يىل مەدىنە ۋالىيسى بولۇپ خىزمەت ئۆتىگەن. ئۇ ھىجرىيە 99-يىلى، (مىلادىيە 717 - يىلى) ئەمەۋىي خەلىپىسى سۇلايمان ئىبنى ئابدۇلمەلىكنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا خەلىپىلىككە تەيىنلەنگەن. ھىجرىيە 101 - يىلى (مىلادىيە 720 - يىلى) ھىمس شەھىرىدە ۋاپات تاپقان.

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ھەدىسلەرنىڭ يېزىلىشىدا ئالاھىدە تۆھپىسى بولغان بىر زات. ئۇ زۇھرىنى ھەدىسلەرنى يېزىشقا بۇيرۇغاندەك، بارلىق ۋىلايەت ۋە شەھەرلەرگە

ھەدىسلەرنى يېزىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرگەن، بۇ ھەقتە ئابدۇللاھ ئىبنى دىنار مۇنداق دەيدۇ: «ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز بارلىق شەھەرلەرگە يارلىق يېزىپ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسىنى ئىزدەپ تېپىپ، يىغىڭلار ۋە ساقلىۋېلىڭلار، چۈنكى مەن ئالىملارنىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن ئىلىمنىڭ يوقىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ قالدىم، - دېگەن». ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ بۇ ھەقتە مەدىنە خەلقىگە ئالاھىدە يارلىق چۈشۈرگەنلىكى ھەققىدە رىۋايەتلەر بار. بۇ ھەقتە ئابدۇللاھ ئىبنى دىنار مۇنداق دەيدۇ: «ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز مەدىنە خەلقىگە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى ئىزدەپ تېپىڭلار ۋە ئۇنى يېزىڭلار، چۈنكى مەن ئۆلىمالارنىڭ ۋاپاتى بىلەن ئىلىمنىڭ يوقىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيمەن، دەپ ئالاھىدە مەكتۇپ يوللىغان». ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ ھەدىسلەرنى يېزىش توغرىسىدىكى يارلىقىنى تاپشۇرۇۋالغانلاردىن بىرى مەدىنە ۋالىسى ئەبۇ بەكرى ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ھەزم ئىدى. بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى مۇنداق دەيدۇ: «ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئەبۇ بەكرى ئىبنى ھەزم يارلىق يېزىپ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى ئىزدەپ تاپقىن ۋە ئۇنى يازغىن، چۈنكى مەن ئۆلىمالارنىڭ ۋاپاتى بىلەن ئىلىمنىڭ يوقىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيمەن. ھەدىس يازغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدىن باشقا نەرسىنى قەتئىي ئارىلاشتۇرۇپ قويماسلىق ۋە بۇنى قەتئىي قوبۇل قىلماسلىق پىرىنسىپىنى لازىم تۇتۇڭلار. شۇنداقلا ئىلىمنى كەڭرى تارقىتىڭلار ۋە ئىلىم سورۇنلىرى تۈزەڭلار، تاكى بىلمىگەنلەر ئۆگەنسۇن، چۈنكى ئىلىم يوشۇرۇلۇپ قالمىسىلا ھالاك بولمايدۇ، دېدى». يۇقىرىدىكى مەلۇمات ۋە رىۋايەتلەردىن ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ ھەدىسلەرنى يېزىش ۋە توپلاشقا قانچىلىك ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ھىجرىيە بىرىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىنى باشقۇرغان بىر خەلىپىنىڭ مەزكۇر يارلىقلار ئارقىلىق ھەدىسنى يېزىشقا ئەھمىيەت بېرىشى ھەدىس ئىنكارچىلىرىنىڭ شۈبھىلىرىنىڭ پۈتۈنلەي ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى ئېنىق ۋە روشەن ئىزاھلاپ بېرىدۇ.

## 2. مۇھەممەد ئىبنى مۇسلىم ئىبنى شىھاب زۇھرى (ۋاپات بولغان ۋاقتى 124 - 742)

مۇھەممەد ئىبنى مۇسلىم ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى شىھاب زۇھرى ھىجرىيە 51 - يىلى (مىلادى 671 - يىلى) تۇغۇلغان. ئۇ قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ بەنى زۇھرە جەمەتىدىندۇر. بەنى زۇھرە بولسا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئانىسى ئامىنەنىڭ جەمەتىدۇر. زۇھرى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتارلىق ساھابىلەردىن ۋە سەئىد ئىبنى مۇسەييىب، ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير، ئەبۇ سەلەمە ئىبنى ئابدۇرراھمان،

ئابدۇللاھ ئىبنى كەئب ئىبنى مالىك، ئەبان ئىبنى ئوسمان، قاسىم ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇ بەكرى قاتارلىق تابىئىنلاردىن دەرس ئالغان. زۇھرىنىڭ قۇرئان كەرىمنى 80 كۈندە يادقا ئېلىپ بولغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. زۇھرىدىن ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز، ئەمر ئىبنى دىنار، قەتادە ئىبنى دەئامە، يەھيا ئىبنى سەئىد ئەنسارى، ئىبنى جۇرەيج، مەئمەر ئىبنى راشىد، مالىك ئىبنى ئەنەس، لەيس ئىبنى سەئد، سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە قاتارلىق ئالىملار دەرس ئالغان. زۇھرىنىڭ شاگىرتلىرىدىن بولغان ئەبۇ زىناد مۇنداق دەيدۇ: «بىز زۇھرى بىلەن ئۆلىمالارنى يوقلايتتۇق، زۇھرى ئۇلاردىن ئاڭلىغان ھەدىس ۋە باشقا مەلۇماتلارنى يېزىپ قالدۇراتتى». زۇھرى ھىجرىيە 124 - يىلى (مىلادى 742 - يىلى) ۋاپات بولغان. ئىبنى شىھاب زۇھرىنىڭ ھەدىس يېزىشنى باشلىشى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بولغان.

ھەدىس يېزىشنى رەسمىي باشلىغان ۋە كىتاب ھالىتىدە تارقىتىشقا تىرىشقان تۇنجى ئالىم سۈپىتىدە تونۇلغان ئىبنى شىھابنىڭ بىر نەچچە ئەسەر يېزىپ قالدۇرغانلىقى تارىخ مەنبەلىرىدە يېزىلىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ھېچقايسىسى كۈنىمىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن بولغان ئىمام مالىك ئىبنى ئەنەسنىڭ ھەدىس ساھەسىدىكى ئەسىرى مۇۋەتتائ كۈنىمىزگە يېتىپ كەلگەن ئەڭ قەدىمىي ئەسەرلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ھەدىسلەرنىڭ يېزىلىشى ھىجرىيە بىرىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا باشلىنىپ بولغانلىقىنى بىلىپ يەتكىنىمىزدە، ھەدىسلەرنىڭ بىزگە يېتىپ كېلىش جەريانىدا يوقاپ كېتىش ياكى ئۆزگىرىپ كېتىش ئېھتىماللىقىنىڭ دىن دۈشمەنلىرى ۋە ھەدىس ئىنكارچىلىرى دەۋا قىلغاندەك ئەمەسلىكىنى بىلىپ يېتىش قىيىن ئەمەس.


قىسقىسى، ئىبنى شىھاب زۇھرىنىڭ رەسمىي بۇيرۇق بىلەن ھەدىس يېزىشنى باشلىغان تۇنجى كىشى ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ھەدىس ئىلمىنىڭ پېشۋالىرىدىن بىرى بولغان ئىمام مالىك ئىبنى ئەنەسكە ئوخشاش ئالىملارغا دەرس بېرىشى، شۇنىڭدەك ئىمام مالىكنىڭ مۇۋەتتائ ئىسىملىك ئەسىرىنىڭ كۈنىمىزگىچە يېتىپ كېلىشى تابىئىنلار دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپلا ھەدىسلەرنىڭ يېزىلىش نىسبىتىنىڭ يۇقىرىلاپ ماڭغانلىقى ۋە ھەدىس يېزىشقا كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ ئېشىپ ماڭغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ.

خۇلاسىلىگەندە: ئىسلامنىڭ ئىككىنچى ئاساسى بولغان ھەدىسنىڭ ئەھمىيىتىنى ۋە ئىسلامدىكى ئورنىنى خۇنۇكلەشتۈرۈش، شۇ ئارقىلىق ئىسلامنى ھەدىستىن ئايرىپ، تەدرىجىي ھالدا قۇرئانغىمۇ تىل ئۇزىتىش ئارقىلىق ئىسلام دىنىنى يوقىتىش دىن دۈشمەنلىرىنىڭ خىيالى بولۇپ كەلدى. ئەپسۇسكى بىر تۈركۈم مۇسۇلمانلارمۇ ئەنە شۇ دىن دۈشمەنلىرىنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئويناپ، ئۇلارنىڭ ئازغۇن

يولىدا كېتىپ بارماقتا. دەل شۇنداق پەيتتە ئىسلامنى بىر پۈتۈن ھالەتتە قوبۇل قىلغان ۋە ئاللاھنىڭ دىنىنى ئالىي قىلىشنى مەقسەت قىلغان بىر تۈركۈم سالىھ ۋە تەقۋادار ئۆلىمالار ھەدىس ئىنكارچىلىرى ۋە دىن دۈشمەنلىرىنىڭ بۇ رەزىل مەقسەت - مۇددىئالىرىدىن مۇسۇلمانلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ كەلمەكتە. ئەنە شۇ ئۆلىمالار دىن دۈشمەنلىرىنىڭ دىنىي ئەقىدە ۋە پىرىنسىپلارغا قاراتقان ھۇجۇم خاراكتېرلىك سەپسەتىلىرىگە ئىلمىي ئاساسلار بويىچە رەددىيە بېرىش ئارقىلىق ئىسلام دىنىنى قوغداپ قىلىشقا ھەرىكەت قىلماقتا.

شەرقىي تۈركىستاندا ئىنسانىيەت تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان زۇلۇم ۋە ئازاب خەلقىمىزنى چىرمىۋالغان مۇشۇ كۈنلەردە ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچى - سىرتىدا ئۆزىنى ئۆلىما چاغلىۋالغان بىر تۈركۈم كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىگە تىل ئۇزىتىپ، ھەدىسلەرنى ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنغان. ئۇلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈك دەلىللىرىنىڭ بىرى ھەدىسلەرنىڭ يېزىلىش جەريانىدۇر. مەن بۇ ماقالىدا ھەدىس ئىنكارچىلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى سەپسەتىلىرىگە ئىلمىي ئۇسۇلدا رەددىيە بېرىشكە تىرىشتىم. يازغانلىرىمنىڭ توغرىسى ئاللاھنىڭ ئىلھامى، خاتالىرى بولسا نەپسىم ۋە شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىدىندۇر. ئۇلۇغ ئاللاھ بۇ ماقالىنىڭ مۇقەددەس دىنىمىزنى قوغداش يولىدىكى ئازغىنە بىر خىزمەت بولۇپ قېلىشىنى نېسىپ قىلسۇن ۋە ماقالىنى ئوقۇغانلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلىپ، قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى ئۆز دەرگاھىدا قوبۇل قىلسۇن، ئامىن!

بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى:
تاھىرجان ئابباس



# ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىش

ئوبۇلقاسىم ئەھمىدى

ئىنسان بۇ دۇنياغا كۆز ئېچىپ ئاق-قارىنى پەرقلەندۈرەلىگۈدەك ياشقا كەلگەندىن باشلاپ، ئاللاھنىڭ بارلىقى، بىرلىكى، قۇدرىتى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىش بىلەن بىرگە، دۇنيا ئىنسانلىرى ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان دىنلار ئۈستىدە ئىزدىنىشى، تەتقىق قىلىشى پەرز بولىدۇ. ئاللاھنىڭ بارلىقىغا، بىرلىكىگە، ئىسلامنىڭ بارلىق دىنلارنى ئەمەلدىن قالدۇرغۇچى ئاخىرقى ھەق دىن ئىكەنلىكىگە، ئىسلامدىن باشقا بارلىق دىنلارنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ياكى باتىل دىنلار ئىكەنلىكىگە قانائەت قىلغاندىن كېيىن، ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە، ئەھلى شىئە پىرقىلىرىنىڭ ئېتىقادلىرى ھەققىدە ئىزدىنىشى، تەتقىقات ئېلىپ بېرىشى پەرز بولىدۇ. ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئېتىقادىغا قايىل بولغاندىن كېيىن، ئۆز مىللىتى ئىچىدىكى ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان بىر جامائەت ئىچىدە ياشىشى، ئۇلار بىلەن داۋاملىق بىر سەپتە تۇرۇشى زۆرۈر بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «ألا إنّ منْ قبلكم من أهل الكتاب افترقوا على ثنتين وسبعين ملة، وإن هذه الأمة ستفترق على ثلاث وسبعين، ثنتان وسبعون في النار، وواحدة في الجنة، وهي الجماعة. وفي رواية: قيل: ما هي؟، قال: ما عليه أنا وأصحابي اليوم» (سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئەھلى كىتابلار يەتمىش ئىككى پىرقىگە بۆلۈنۈپ كەتتى، بۇ ئۈممەت يەتمىش ئۈچ پىرقىگە بۆلۈنىدۇ، يەتمىش ئىككىسى دوزاختا، بىرسى جەننەتتە بولىدۇ، جەننەتتە بولىدىغىنى بۈگۈن مەن ۋە ساھابىلىرىم ماڭغان يولنى تۇتقان جامائەتتۇر).

## ئىسلامنىڭ قىسقىچە تەرىپى

ئىسلام ئاللاھ يولىغا قويغان ئىبادەتلەر ئارقىلىق ئاللاھقا يۈزلىنىشتۇر. بۇ چۈشەنچە بويىچە، نۇھ، مۇسا، ئىيسا، ئىبراھىم ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قاتارلىق پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن توغرا يول ۋە ھەقىقەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىسلامدۇر. قۇرئان كەرىمدە ئىلگىرىكى شەرىئەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىسلام ۋە ئاللاھقا بويسۇنۇش ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان نۇرغۇن ئايەتلەر بار.

خاسلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئىسلام ئىلگىرىكى بارلىق ساماۋى دىنلارنى ئەمەلدىن قالدۇرغۇچى ئاخىرقى

ئىلاھىي دىن بولۇپ، بۇ دىننى قوبۇل قىلغان كىشى مۇسۇلمان ھېسابلىنىدۇ، ئىسلامدىن باشقا دىننى قوبۇل قىلغان كىشىنىڭ دىنى ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «وَمَن يَبْتَغِ غَيْرَ الْإِسْلَامِ دِينًا فَلَن يُقْبَلَ مِنْهُ» (كىمكى ئىسلام (دىنىدىن) غەيرىي دىننى تىلەيدىكەن، ھەرگىز (ئۇنىڭ دىنى) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر».

## ئىسلام ئىلگىرىكى بارلىق دىنلارنى ئەمەلدىن قالدۇرغۇچى دىندۇر

ئېتىقادچىلىرى ھازىر دۇنيا نوپۇسىنىڭ خېلى كۆپ سالمىقىنى ئىگىلەيدىغان خىرىستىيان دىنى ساماۋى دىن بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ۋاقىتلىق دىن ئىدى. چۈنكى ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىدىن كېيىن كېلىدىغان ئەھمەد ئىسىملىك پەيغەمبەر بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچى پەيغەمبەر بولۇپ، خىرىستىيان دىنى ئەنە شۇ خۇش خەۋەر بېرىلگەن پەيغەمبەرنىڭ كېلىشى بىلەن ئاخىرلىشىپ، كېيىنكى پەيغەمبەرگە ئەگىشىش پەرز ئىدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «وَإِذْ قَالَ عِيسَى ابْنُ مَرْيَمَ يَا بَنِي إِسْرَائِيلَ إِنِّي رَسُولُ اللَّهِ إِلَيْكُم مُّصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيَّ مِنَ التَّوْرَاةِ وَمُبَشِّرًا بِرَسُولٍ يَأْتِي مِن بَعْدِي اسْمُهُ أَحْمَدُ فَلَمَّا جَاءَهُم بِالْبَيِّنَاتِ قَالُوا هَٰذَا سِحْرٌ مُّبِينٌ» (ئۆز ۋاقتىدا مەريەمنىڭ ئوغلى ئىيسا: ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مەن سىلەرگە ھەقىقەتەن ئاللاھ ئەۋەتكەن، مەندىن بۇرۇن كەلگەن تەۋراتنى تەستىق قىلغۇچى، مەندىن كېيىن كېلىدىغان ئەھمەد ئىسىملىك پەيغەمبەر بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچى پەيغەمبەرمەن، دېدى».

ئاللاھ تائالا بارلىق پەيغەمبەرلەردىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ كەلسە، ئۇنىڭغا ئەگىشىش ھەققىدە چىن ئەھدە ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ: «وَإِذْ أَخَذَ اللَّهُ مِيثَاقَ النَّبِيِّينَ لَمَا آتَيْتُكُم مِّن كِتَابٍ وَحِكْمَةٍ ثُمَّ جَاءَكُمْ رَسُولٌ مُّصَدِّقٌ لِّمَا مَعَكُمْ لَتُؤْمِنُنَّ بِهِ وَلَتَنصُرُنَّهُ قَالَ أَأَقْرَرْتُمْ وَأَخَذْتُمْ عَلَىٰ ذَٰلِكُمْ إِصْرِي قَالُوا أَقْرَرْنَا قَالَ فَاشْهَدُوا وَأَنَا مَعَكُم مِّنَ الشَّاهِدِينَ. فَمَن تَوَلَّىٰ بَعْدَ ذَٰلِكَ فَأُولَٰئِكَ هُمُ الْفَاسِقُونَ» (سىلەرگە مەن كىتابنى ۋە ھېكمەتنى ئاتا قىلدىم، كېيىن سىلەرگە، سىلەردىكى نەرسىلەرنى (يەنى كىتاب بىلەن ھېكمەتنى) ئېتىراپ قىلغۇچى بىر پەيغەمبەر (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) كەلسە ئۇنىڭغا، ئەلۋەتتە، ئىمان ئېيتىشىڭلار كېرەك ۋە ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ياردەم بېرىشىڭلار كېرەك. ئاللاھ: «(بۇ ئەھدىنى) ئېتىراپ قىلدىڭلارمۇ؟ شۇنىڭ (يەنە بۇ ئىش) ئۈچۈن مېنىڭ ئەھدىمنى قوبۇل قىلدىڭلارمۇ؟» دېدى. ئۇلار: «ئېتىراپ قىلدۇق» دېدى. ئاللاھ: «(ئۆزۈڭلارنىڭ ۋە تەۋەلىرىڭلارنىڭ ئېتىراپ قىلغانلىقىغا) گۇۋاھ بولۇڭلار، مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە گۇۋاھ بولغۇچىلاردىنمەن» دېدى. كىمكى شۇنىڭدىن كېيىن يۈز ئۆرۈسە (يەنى ئەھدىنى بۇزسا)، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر).

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «ئاللاھ تائالا ھەربىر پەيغەمبەردىن شۇ پەيغەمبەر ھايات ۋاقتىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام

پەيغەمبەرلىك بىلەن ئوتتۇرىغا چىقسا، چوقۇم شۇ پەيغەمبەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن بىرگە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىشى ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشى كېرەكلىكى ھەققىدە چىن ئەھدە ئالغان».

يەھۇدىيلار ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان دىنمۇ ئاللاھ تەرىپىدىن تاللانغان، ئۆز زامانىسىدا ئەۋزەل ھېسابلانغان ساماۋى دىن بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دىنمۇ ۋاقىتلىق دىن بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى بىلەن ئەمەلدىن قالغان دىن بولغانىنىڭ ئۈستىگە، خىرىستىيان دىنىغا ئوخشاش پەيغەمبەرلىرىدىن كېيىن نۇرغۇن بۇرمىلاش ۋە ئۆزگەرتىشلەرگە ئۇچرىغان.

ساماۋى دىنلارنىڭ كىتابلىرىنى ھىمايە قىلىشقا شۇ دىنلارنىڭ زاھىتلىرى ۋە ئۆلىمالىرى نازارەتچى بولغان بولسا، ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى بولغان قۇرئان كەرىمنى قوغداشنى ئاللاھ تائالا ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «يَحْكُمُ بِهَا النَّبِيُّونَ الَّذِينَ أَسْلَمُوا لِلَّذِينَ هَادُوا وَالرَّبَّانِيُّونَ وَالْأَحْبَارُ بِمَا اسْتُحْفِظُوا مِنْ كِتَابِ اللَّهِ وَكَانُوا عَلَيْهِ شُهَدَاءَ» ((يەھۇدىيلارنىڭ زاھىتلىرى ۋە ئۆلىمالىرىمۇ (ئۆزگەرتىشتىن) ساقلاشقا بۇيرۇلغان كىتابۇللاھ (يەنى تەۋرات) بويىچە ھۆكۈم قىلىدۇ، ئۇلار تەۋراتنى (ئۆزگەرتىشتىن ساقلاشقا) نازارەتچى ئىدى) «إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا الذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُ لَحَافِظُونَ» (قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز).

## پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئىسلامغا ئېتىقاد قىلىشى پەرزدۇر

ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىپ ۋە ئىسلام دىنىنى پۈتۈنلەپ بەرگەندىن كېيىن، بارلىق دىنلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، پەقەت ئىسلام دىنىنىلا قىيامەتكىچە داۋام قىلىدىغان دىن قىلىپ، دۇنيادىكى پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئىسلامغا ئېتىقاد قىلىشىنى پەرز قىلغان.

دۇنيادا مەزكۇر ساماۋى دىنلاردىن باشقا يەنە بۇددا دىنى ۋە ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى بولغان ھىندى دىنى قاتارلىقلارغا ئوخشىغان نۇرغۇن يەرلىك باتىل دىنلار بار بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى ئۇ دىنلارغا ئېتىقاد قىلىشتىن توسقان. ئىسلام دىنى كەلگەن ۋاقىتتا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئاللاھنى قويۇپ، دېڭىز-ئوكيان، ئاي-يۇلتۇز، تاش-چالما، دەل-دەرەخ، ۋە مازارلارغا چوقۇنىدىغانلارمۇ خېلى كۆپ ئىدى، ئىسلام دىنى كېلىپ، ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى بارلىق بۇتپەرەسلىك دىنلىرىغا خاتىمە بەرگەن.

## ئىسلام كەم-زىيادە قىلىشنى قوبۇل قىلمايدىغان پۈتۈنلۈككە ئىگە مۇكەممەل دىندۇر

ئىسلام شەرىئىتىنىڭ دەلىل-پاكىتلىرى ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، قۇرئان كەرىم ياكى ھەدىس شەرىفتىن دەلىل-ئىسپاتى بولمىغان ھەرقانداق بىر ئىبادەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ياكى دەلىل-ئىسپاتسىزلا ھەرقانداق بىر نەرسىنىڭ ھالال ياكى ھاراملىقىغا

ھۆكۈم قىلىش توغرا بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىرقى ھاياتىدا، بۇ دىننى پۈتۈنلۈككە ئېگە قىلغانلىقىنى، شۇ ئارقىلىق بىزگە نېئمىتىنى تاماملىغانلىقىنى، ئىسلام دىنىنى بىزنىڭ مەڭگۈلۈك دىنىمىز بولۇشقا تاللاپ بەرگەنلىكىنى بايان قىلىپ بۇ ئايەتنى نازىل قىلغان: «الْيَوْمَ أَكْمَلْتُ لَكُمْ دِينَكُمْ وَأَتْمَمْتُ عَلَيْكُمْ نِعْمَتِي وَرَضِيتُ لَكُمُ الْإِسْلَامَ دِينًا» (بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېئمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم).

ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈنلۈكى ئۇنىڭ بارلىق ياخشىلىقلارغا بۇيرۇپ، بارلىق يامانلىقلاردىن توسقان دىن ئىكەنلىكىدە تېخىمۇ ئوچۇق نامايان بولىدۇ. ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بۇ دىننى خەلققە بايان قىلىپ بېرىشكە بۇيرۇلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆز-ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق خەلققە بۇ دىننى تولۇق يەتكۈزگەن. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «وَأَنْزَلْنَا إِلَيْكَ الذِّكْرَ لِتُبَيِّنَ لِلنَّاسِ مَا نُزِّلَ إِلَيْهِمْ وَلَعَلَّهُمْ يَتَفَكَّرُونَ» (بىز ساڭا قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەنلەرنى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار (بۇ قۇرئاننى) پىكىر قىلىپ (ئۇنىڭدىن ۋەز - نەسىھەت ئالسۇن) دەپ نازىل قىلدۇق).

ئاللاھقا ھەمدۇسانالار بولسۇنكى، ئىسلام دىنى بارلىق ياخشىلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، بارلىق يامانلىقلار ۋە زىيانلىق ئىشلاردىن توسقان ھالدا كەلگەن دىن بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ تۇغۇلۇشتىكى ساپ ھالىتىگە، تەبىئىتىگە، ئەقلىگە تامامەن ئۇيغۇن كېلىدىغان دىندۇر. ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان بەزى سەھرالىق ئەرەبلەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «ئىسلام دىنى بۇيرۇغان ئىشلارغا ئەقلىمىزنىڭ : ھەي ئىست! ئىسلام بۇ ئىشلاردىن توسقان بولسىچۇ! دېگەنلىكىنى ياكى ئىسلام توسقان ئىشلارغا ئەقلىمىزنىڭ: كاشكى ئىسلام بۇ ئىشلارغا بۇيرۇغان بولسىكەن، دېگەنلىكىنى ئۇچرىتىپ باقمىدۇق». دېمەك، ئىسلام دىنى تۇغۇلۇشتىكى ساپ ھالەتكە، ساغلام ئەقىلگە تامامەن ئۇيغۇن دىن بولۇپ، ساغلام ئەقىل بۇ دىننى قوللايدۇ، بۇ دىننىڭ بارلىق پايدا-مەنپەئەتلەرنى قوغدايدىغان، زىيان-زەخمەتلەردىن ساقلايدىغان گۈزەل دىن ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولىدۇ.

## ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ قىسقىچە تەرىپى

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئىسلام دىنىغا مەنسۇپ، كۈنىمىزدىكى (ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ۋە شىئە) ئىككى چوڭ مەزھەپنىڭ ئەڭ چوڭىدۇر. ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ھەنەفىي، شافىئىي، مالىكىي، ھەنبەلىي قاتارلىق تۆت فىقھى مەزھەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ تۆت مەزھەپتىن ھەنەفىي مەزھىپى ئەقىدىدە ماتۇرىدىيەگە، شافىئىي، مالىكىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەپلىرى ئەشئەرىيەگە تەۋەدۇر. ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ ئېتىقادىي مەزھەپلىرى بولغان ئەشئەرىيە ۋە ماتۇرىدىيە مەزھەپلىرى ئارىسىدا ئېتىقادىي جەھەتتىن چوڭ پەرق يوق. ئەمما

فىقھى مەسىلىلەردە بۇ تۆت مەزھەپ ئارىسىدا بەزى پەرقلەر بار.

## ئەھلى شىئەنىڭ قىسقىچە تەرىپى

شىئە مەزھىپى ئىسلام مەزھەپلىرىدىن بىرىدۇر. بەزىدە شىئە مەزھىپى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەنسۇبلىرىغا ئەھلى شىئە ياكى شىئەلەر دېيىلىدۇ. شىئە مەزھىپى ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە مەزھىپىدىن قالسا ئىككىنچى چوڭ مەزھەپتۇر. دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ 83% ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە مەزھىپىگە، 15% شىئە مەزھىپىگە، قالغان 2% بولسا خاۋارىج مەزھىپىگە مەنسۇپتۇر.

## ھەقىقەت بىلەن باتىل ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش

ھەقىقەت بىلەن باتىل ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش قىيامەتكە قەدەر داۋاملىشىدىغان كۈرەشتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «وَلَوْلَا دَفْعُ ٱللَّهِ ٱلنَّاسَ بَعْضَهُم بِبَعْضٍ، لَّفَسَدَتِ ٱلْأَرْضُ، وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ ذُو فَضْلٍ عَلَى ٱلْعَٰلَمِينَ» (ئاللاھ (كۈچلۈك تاجاۋۇزچىغا ئۈنىڭدىنمۇ كۈچلۈك بولغان بىرسىنى ئاپىرىدە قىلىش ئارقىلىق) ئىنسانلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسى بىلەن مۇداپىئە قىلىپ تۇرمىسا ئىدى، يەر يۈزى ئەلۋەتتە خارابلىققا يۈزلىنەتتى، لېكىن ئاللاھ (يامانلىقنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلماسلىق بىلەن) پۈتۈن جاھان ئەھلىگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر).

بۇ دۇنيادا ئىنسانلار ئارىسىدا ئىختىلاپ، تالاش-تارتىش ۋە كۈرەشلەرنىڭ بولۇپ تۇرۇشى كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان رېئاللىق. بۇ دۇنيا ئىمتىھان، سىناق ۋە تاۋلاش يۇرتىدۇر. ئىنسانلارنىڭ ئىختىلاپلىشىپ ياشىشى ھايات قانۇنىيەتلىرىنىڭ، ئىلاھىي ھېكمەتلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «وَلَوْ شَآءَ رَبُّكَ لَجَعَلَ ٱلنَّاسَ أُمَّةً وَٰحِدَةً ۖ وَلَا يَزَالُونَ مُخْتَلِفِينَ إِلَّا مَن رَّحِمَ رَبُّكَ ۚ وَلِذَٰلِكَ خَلَقَهُمْ ۗ» (ئەگەر رەببىڭ خالىسا ئىدى، پۈتۈن ئىنسانلارنى ئەلۋەتتە بىر دىندا قىلاتتى، ئۇلار (دىن توغرىسىدا) داۋاملىق ئىختىلاپ قىلىشقۇچىلاردۇر، پەقەت رەببىڭنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئاللاھ ئۇلارنى شۇنىڭ ئۈچۈن (يەنى ئىختىلاپ ئۈچۈن) ياراتتى).

ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىن بۈگۈنگىچە بولغان ئىنسانىيەت تارىخى بۇنىڭغا شاھىتتۇر. چۈنكى ئادەم ئەلەيھىسسالام پەرزەنتلىرى ئارىسىدا تالاش-تارتىش، ئىختىلاپ ۋە كۈرەش باشلىنىپ، ئاخىرى بىرى يەنە بىرىنى ئۆلتۈرۈشكە ئېلىپ بارغان. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «وَٱتْلُ عَلَيْهِمْ نَبَأَ ٱبْنَيْ ءَادَمَ بِٱلْحَقِّ إِذْ قَرَّبَا قُرْبَانًا فَتُقُبِّلَ مِنْ أَحَدِهِمَا وَلَمْ يُتَقَبَّلْ مِنَ ٱلْءَاخَرِ قَالَ لَأَقْتُلَنَّكَ ۖ قَالَ إِنَّمَا يَتَقَبَّلُ ٱللَّهُ مِنَ ٱلْمُتَّقِينَ» ((ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارغا ئادەمنىڭ ئىككى ئوغلى (يەنى ھابىل بىلەن قابىل) نىڭ ھېكايىسىنى راستلىق بىلەن ئوقۇپ بەرگىن، ئۆز ۋاقتىدا (ھابىل بىلەن قابىل) قۇربانلىق قىلغان ئىدى. بىرسى (يەنى ھابىل) نىڭ قوبۇل بولدى، يەنە بىرسى (يەنى قابىل) نىڭ قوبۇل بولمىدى. (قابىل ھابىلغا) «مەن سېنى چوقۇم

ئۆلتۈرىمەن» دېدى، ھابىل نېمىشقا دېۋىدى، قابىل: «ئاللاھ سېنىڭ قۇربانلىقىڭنى قوبۇل قىلىپ، مېنىڭكىنى قوبۇل قىلمىدى» دېدى. (ھابىل) ئېيتتى: «ئاللاھ پەقەت تەقۋادارلارنىڭ (قۇربانلىقىنى) قوبۇل قىلىدۇ).

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلار ئارىسىدا ئىختىلاپ تالاش-تارتىش ۋە كۈرەشلەر مەڭگۈ داۋام قىلىدۇ. ھەر پىرقە ئۆزىنىڭ ھەقىقەت ئۈستىدە، توغرا يولدا ئىكەنلىكىنى، خەلق مەنپەئىتىنى قوغداش، ئالىي نىشانغا يېتىش ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە چوقۇم غەلىبىگە ئېرىشىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىدۇ.

## ھەقىقەت ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇش

ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ھەقىقەتنى تاپقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇش ھەر بىر مۇئمىن مۇسۇلمان ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىمدۇر. چۈنكى ھەقىقەت ئىنساننى ھالاكەتتىن ساقلاپ، نىجاتلىق ۋە غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدىغان داغدام يولدۇر. مەن ئىلگىرى بىر تۈركۈم قېرىنداشلارنىڭ بىر مەزگىل سەل قاراش ئىچىدە تېڭىرقاپ يۈرگەنلىكىنى، كېيىن بەزى دەۋەتچىلەرنىڭ تەسىرى بىلەن ھەقىقەتنى تونۇپ، ئىسلام تەلىماتلىرىغا ئەمەل قىلىشقا باشلىغانلىقىنى، لېكىن ئاللاھ بېكىتمىگەن بەزى ئىشلارنى ئۆزلىرىگە يۈكلىۋېلىپ، تەدرىجىي چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن خېلى تەقۋالىقى بىلەن تونۇلغان ئۆلىمالارنى مەنسىتمەيدىغان، ئۇلارنىڭ تائەت-ئىبادەتلىرىنى ياراتمايدىغان يەرگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى كۆرۈپ بەك ئەپسۇسلانغانىدىم. چۈنكى ھەدىس شەرىفتە دېيىلگەندەك، ئۇلارنىڭ ئۇزۇنغا بارماي مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى پەرەز قىلغانىدىم. كېيىن مەن ئۇلار بىلەن قايتا ئۇچراشقىنىمدا مەن پەرەز قىلغاندەك، ئۇلارنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى كۆردۈم. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كونا ئادەتلىرىگە قايتىپ، چېكىش-ئىچىشنى قايتىدىن باشلىۋەتكەنىدى. دېمەك، ھەقىقەتنى تېپىش بىر مەسىلە، ئەمما ھەقىقەت ئۈستىدە ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە مۇستەھكەم تۇرۇش تېخىمۇ مۇھىم مەسىلىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھقا ئىمان ئېيتتىم دېگىن، ئاندىن ئۇنىڭدا مۇستەھكەم تۇرغىن».

**ئۆلىمالار ھەقىقەت ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىگەن ۋە ئۇنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە بىر قانچە نۇقتىلارنى بايان قىلغان بولۇپ، تۆۋەندە ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:**

1. ھەقىقەت ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇش ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ يارىتىلىشىدىكى ئەسلى غايە بولغان قۇلچىلىقنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش بولۇپ، ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە مۇۋەپپەقىيەت ۋە غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدۇ.

2. ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىنى، شۇنىڭدەك پەيغەمبىرگە ئىمان ئېيتقان مۇئمىن مۇسۇلمانلارنى توغرا يولدا مۇستەھكەم تۇرۇشقا بۇيرۇغان: «فَلِذَلِكَ فَادْعُ وَاسْتَقِمْ كَمَا أُمِرْتَ» (شۇنىڭ ئۈچۈن (يەنى دىندا ئىختىلاپ قىلىشقانلىقى ئۈچۈن) (ئى پەيغەمبەر! بارلىق ئىنسانلارنى توغرا دىن ئاساسىدا ئىتتىپاق بولۇشقا) چاقىرغىن، بۇيرۇلغىنىڭ بويىچە توغرا يولدا مۇستەھكەم تۇرغىن)، «فَاسْتَقِمْ كَمَا أُمِرْتَ وَمَنْ تَابَ مَعَكَ وَلَا تَطْغَوْا إِنَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ» ((ئى پەيغەمبەر!) ئاللاھ سېنى بۇيرۇغاندەك توغرا يولدا بولغىن، ساڭا ئىمان ئېيتقانلارمۇ توغرا يولدا بولسۇن. (مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى قىلىپ ئاللاھنىڭ چەكلىمىرىدىن چىقىپ كەتمەڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر).

شۇنىڭدەك، ئاللاھ تائالا بارلىق پەيغەمبەرلىرىنى، جۈملىدىن مۇسا ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالاملارنىمۇ توغرا يولدا مۇستەھكەم تۇرۇشقا بۇيرۇغان. «قَدْ أُجِيبَتْ دَعْوَتُكُمَا فَاسْتَقِيمَا وَلَا تَتَّبِعَانِّ سَبِيلَ الَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَ» (ئىككىڭلارنىڭ دۇئاسى ئىجابەت قىلىندى، توغرا يولدا مۇستەھكەم تۇرۇڭلار، نادانلارنىڭ يولىغا ئەگەشمەڭلار).

3. سۇفيان ئىبنى ئابدۇللاھ سەقەفىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ: يا رەسۇلۇللاھ، ئۆزلىرىدىن باشقا ھېچكىمدىن سورىمىغۇدەك، ئىسلامدا مۇھىم بىر سۆزنى ئېيتىپ بەرگەن بولسىلا دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئاللاھقا ئىمان ئېيتتىم دېگىن، ئاندىن ھەقىقەت ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرغىن» دېگەن.

ھەقىقەت ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر ۋەسىلە ۋە سەۋەبلەر

ھەر قانداق بىر قىممەتلىك نەرسىگە ئېرىشىشنىڭ مۇھىم ۋەسىلە ۋە سەۋەبلىرى بولىدۇ. ھەقىقەت ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇشنى ئۈمىد قىلغان ھەر بىر ئىنسان تۆۋەندىكى ۋەسىلە ۋە سەۋەبلەر ئۈستىدە ئىزدىنىشى لازىم:

1. ھەقىقەتنى تېپىشقا ۋە ھەقىقەت ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولۇش. «قَدْ جَاءَكُمْ مِنَ اللَّهِ نُورٌ وَكِتَابٌ مُبِينٌ يَهْدِي بِهِ اللَّهُ مَنِ اتَّبَعَ رِضْوَانَهُ سُبُلَ السَّلَامِ وَيُخْرِجُهُمْ مِنَ الظُّلُمَاتِ إِلَى النُّورِ بِإِذْنِهِ وَيَهْدِيهِمْ إِلَى صِرَاطٍ مُسْتَقِيمٍ» (سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن نۇر (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ۋە روشەن كىتاب كەلدى. ئاللاھ شۇ كىتاب ئارقىلىق رازىلىقىنى تىلىگەنلەرنى سالامەتلىك يوللىرى (ئاللاھنىڭ شەرىئىتى ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى) غا يېتەكلەيدۇ، ئىرادىسى بويىچە ئۇلارنى (كۇفرى) قاراڭغۇلۇقىدىن (ئىمان) نۇرىغا چىقىرىدۇ ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىدۇ)

2. ئىبادەتنى ئاللاھقا خالىس قىلىش. «وَمَا أُمِرُوا إِلَّا لِيَعْبُدُوا اللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ حُنَفَاءَ وَيُقِيمُوا الصَّلَاةَ وَيُؤْتُوا الزَّكَاةَ وَذَلِكَ دِينُ الْقَيِّمَةِ» (ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى ئاللاھقا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى. نامازنى ئادا قىلىشقا، زاكاتنى بېرىشكە (بۇيرۇلدى)، ئەنە شۇ توغرا دىندۇر).

3. گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن قول يىغىپ، ئاللاھقا تەۋبە قىلىش. «وَتُوبُوا إِلَى اللَّهِ جَمِيعًا أَيُّهَا الْمُؤْمِنُونَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ» (ئى مۇئمىنلەر! بەختكە ئېرىششىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار ئاللاھقا تەۋبە قىلىڭلار).

4. مەسئۇلىيەتچان بولۇش، ئۆزىدىن ھېساب ئېلىپ تۇرۇش. «يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اتَّقُوا اللَّهَ وَلْتَنْظُرْ نَفْسٌ مَا قَدَّمَتْ لِغَدٍ وَاتَّقُوا اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ خَبِيرٌ بِمَا تَعْمَلُونَ» (ئاللاھدىن قورقۇڭلار، ھەر ئادەم ئەتە (يەنى قىيامەت كۈنى) ئۈچۈن (ياخشى ئەمەلدىن) نېمىلەرنى تەييارلىغانلىقىغا قارىسۇن، ئاللاھدىن قورقۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر).

5. بەش ۋاخ نامازنى تەرك ئەتمەي ئوقۇش. چۈنكى ناماز بەندە بىلەن رەببىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە بولۇپ، بەندىنى قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدىغان ئامىللاردىندۇر. «اتْلُ مَا أُوحِيَ إِلَيْكَ مِنَ الْكِتَابِ وَأَقِمِ الصَّلَاةَ إِنَّ الصَّلَاةَ تَنْهَى عَنِ الْفَحْشَاءِ وَالْمُنْكَرِ وَلَذِكْرُ اللَّهِ أَكْبَرُ وَاللَّهُ يَعْلَمُ مَا تَصْنَعُونَ» ((ئى پەيغەمبەر!) ساڭا ۋەھيى قىلىنغان كىتابنى تىلاۋەت قىلغىن، نامازنى (تەئدىل ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن، ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ، ئاللاھنى ياد ئېتىش ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر، ئاللاھ قىلىۋاتقان (ھەممە ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ).

6. شەرئىي ئىلىملەرنى، بولۇپمۇ قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىف ئىلىملىرىنى پۇختا ئۆگىنىش. چۈنكى بۇ ئىلىملەر ئاللاھنى، ئاللاھنىڭ كىتابىنى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى، ھەقىقەتنى تونۇشنىڭ ۋاسىتىسىدۇر.

7. ياخشى كىشىلەر بىلەن، بولۇپمۇ مەسئۇلىيىتىنى تونۇيدىغان ئالىملار بىلەن ھەمسۆھبەت ۋە دوست بولۇش. چۈنكى ياخشى ھەمراھ دوستىنىڭ ھەقىقەتنى تونۇشىغا، ئاللاھقا توغرا شەكىلدە ئىبادەت قىلىشىغا، پايدىلىق ئىلىم ئۆگىنىشىگە ياردەم بېرىدۇ، ئۇنى خاتالىقلاردىن توسىدۇ. يامان ھەمراھ تامامەن ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. ئاللاھ يولىدىكى دوستلۇق ئۈزۈلمەي داۋام قىلىدۇ ۋە بۇنداق دوستلۇق دۇنيا-ئاخىرەتتە ئەسقاتىدۇ. «الْأَخِلَّاءُ يَوْمَئِذٍ بَعْضُهُمْ لِبَعْضٍ عَدُوٌّ إِلَّا الْمُتَّقِينَ» (بۇ كۈندە (ئاللاھ يولىدا دوستلاشقان) تەقۋادارلاردىن باشقا بارلىق دوستلار بىر-بىرىگە دۈشمەن بولىدۇ)

8. ئۆزىنى ھارامدىن ساقلاش، بولۇپمۇ تىلىنى يالغانچىلىق، سۇخەنچىلىك، غەيۋەت-شىكايەت قاتارلىق يامان ئىللەتلەردىن، كۆزىنى قاراش ھارام بولغان نەرسىلەرگە قاراشتىن ساقلاش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بۇ نەسىھىتىنى دائىم كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش: «وَلَا تَقْفُ مَا لَيْسَ لَكَ بِهِ عِلْمٌ إِنَّ السَّمْعَ وَالْبَصَرَ وَالْفُؤَادَ كُلُّ أُولَئِكَ كَانَ عَنْهُ مَسْئُولًا» (بىلمەيدىغان نەرسەڭگە ئەگەشمە (يەنى بىلمىگەننى بىلدىم، كۆرمىگەننى كۆردۈم، ئاڭلىمىغاننى ئاڭلىدىم دېمە)، (ئىنسان قىيامەت كۈنى) قۇلاق، كۆز، دىل (يەنى سەزگۈ ئەزالىرى) نىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدە ھەقىقەتەن سوئال-سوراق قىلىنىدۇ).

9. شەيتاننىڭ كەينىگە

كىرمەسلىك. «يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَتَّبِعُوا خُطُوَاتِ الشَّيْطَانِ وَمَنْ يَتَّبِعْ خُطُوَاتِ الشَّيْطَانِ فَإِنَّهُ يَأْمُرُ بِالْفَحْشَاءِ وَالْمُنْكَرِ» (ئى مۆئمىنلەر! شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمەڭلار، كىمكى شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىدىكەن، شەيتان ئۇنى قەبىھ (سۆز-ھەرىكەتلەر) گە، يامان ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ).

## ھەقىقەت ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇشنىڭ مۇكاپاتلىرى

ھەقىقەت ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇشنىڭ مۇكاپاتلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، تۆۋەندە مىسال تەرىقىسىدە بىر نەچچىسى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتىمىز:

1) كۆڭۈل خاتىرجەملىكىگە ئېرىشىش.

2) خەلق-ئالەم ئالدىدا رەسۋا بولۇشتىن ساقلىنىش.

3) ۋاپات بولۇش جەريانىدا ۋە قەبرىدىن چىقىپ سوراق مەيدانىغا ماڭغاندا پەرىشتىلەرنىڭ بېشارەت بېرىشىگە ۋە دوستلۇق ئىزھار قىلىشىغا نائىل بولۇش.

4) مۇسۇلمانلارنىڭ ئىززەت-ئىكراملىرىغا ئېرىشىش.

5) جەننەتتە كۆڭلى تارتقان ۋە تەلەپ قىلغان تۈرلۈك نازۇ نېمەتلەرگە ئېرىشىش. «إِنَّ الَّذِينَ قَالُوا رَبُّنَا اللَّهُ ثُمَّ اسْتَقَامُوا تَتَنَزَّلُ عَلَيْهِمُ الْمَلَائِكَةُ أَلَّا تَخَافُوا وَلَا تَحْزَنُوا وَأَبْشِرُوا بِالْجَنَّةِ الَّتِي كُنْتُمْ تُوعَدُونَ. نَحْنُ أَوْلِيَاؤُكُمْ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَفِي الْآخِرَةِ وَلَكُمْ فِيهَا مَا تَشْتَهِي أَنْفُسُكُمْ وَلَكُمْ فِيهَا مَا تَدَّعُونَ. نُزُلًا مِنْ غَفُورٍ رَحِيمٍ» (شۈبھىسىزكى، رەببىمىز ئاللاھدۇر دېگەنلەر، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا پەرىشتىلەر چۈشۈپ: قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خۇشال بولۇڭلار، بىز دۇنيادا، ئاخىرەتتە سىلەرنىڭ دوستلىرىڭلارمىز، جەننەتتە سىلەر ئۈچۈن كۆڭلۈڭلار تارتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ۋە تىلىگەن نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسى بار، (ئۇلار) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان (ئاللاھ) تەرىپىدىن بېرىلگەن زىياپەتتۇر، دەيدۇ).

ئى ئاللاھ، «بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن. غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا (باشلىغىن)»، بىزنى ھەقىقەت ئۈستىدە مۇستەھكەم قىلغىن، ئامىن!

بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى:
ئابدۇرېھىم دۆلەت



# دەۋەت ۋە دىن ئۆگىتىش يولىدىن چېكىنىۋاتقانلارنىڭ باھانە - سەۋەبلىرى



مۇھەممەد ئەمىن بىشارەت

«سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن، ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر».

ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ جۈملىدىن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇتۇپ ماڭغان يولى بولۇپ، بۇ يول نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتلەرگە تولغان، تىكەنلەر چېچىلغان، ئۇزۇن مۇساپىلىك يول بولسىمۇ، ئەمما نەتىجە ئېتىبارى بىلەن ئېيتقاندا دۇنيادا شەرەپلىك، ئاخىرەتتە مۇكاپاتى ئەڭ كاتتا بولغان يولدۇر.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: **«ئاللاھقا (ئاللاھنىڭ دىنىغا) دەۋەت قىلغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە ‹مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىنمەن› دېگەن كىشىدىنمۇ ياخشى سۆزلۈك ئادەم بارمۇ؟»**

دەۋەت قىلىش پەقەت ئۇزۇن يىل مەدرىسلەردە ئوقۇغان ياكى ئۇنىۋېرسىتېتلاردىكى دەۋەت پاكۇلتېتلىرىنى پۈتتۈرگەن ئالىملارنىڭ ۋەزىپىسى بولۇپلا قالماستىن، يەنە دەۋەت قىلماقچى بولغان مەسىلىنى ياكى تېمىنى ئەتراپلىق، پۇختا ئىگىلىگەن ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ شەرت - شارائىتى يار بەرگەن ۋاقىت ۋە دائىرە ئىچىدە ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىدۇر.

ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆگەنگەن قۇرئان ئايەتلىرى ياكى ھەدىسلەرنى بىر - بىرىگە ئەنە شۇنداق تەرىقىدە يەتكۈزۈش ئارقىلىق، جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىغا تارقىتاتتى. بىراۋنىڭ ھەقىقەتنى بىلىپ توغرا يولدا مېڭىشى ۋە ئاخىرەت ئازابىدىن قۇتۇلۇپ قېلىشى ئۈچۈن بەكمۇ تىرىشچانلىق كۆرسىتەتتى، ھەمدە بۇ خىل خىزمەتنى شەرەپ بىلەن سۆيۈنۈپ قىلاتتى.

ئەپسۇس، بۈگۈنكى كۈنىمىزدىكى باشقا مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ دەۋەتچىلىرىنى قويۇپ، ئۆزىمىزنىڭ ئۇيغۇر دىنىي ئالىملىرىمىز ۋە دەۋەتچى - ئۇستازلىرىمىزغا قارايدىغان بولساق، چەتئەلدىكى روھىي بېسىم، تۇرمۇش بېسىمى، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي بېسىملار، ۋەتەنسىزلىك ئازابى قاتارلىق

تۈرلۈك ئامىللار تۈپەيلىدىن ئۇلاردا دەۋەت خىزمىتىدىن كۆڭۈل بولۇش، بوشىشىپ قېلىش - كۆڭگە چېكىنىش ئەھۋالى يۈز بەرمەكتە. ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇشتىن ئىبارەت پەيغەمبەر مىراسى يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالماقتا. «ھەر كىشىنىڭ قانداق ئىش قىلغۇسى بولسا قىلىش، نېمىنى سۆزلىگۈسى بولسا سۆزلەش ئەركىنلىكى بولىدۇ» دېگەندەك ئىسلام شەرىئىتىگە ماس كەلمەيدىغان، غەربچە پىكىرلەر ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ زېھنىدە چاڭگا تىزىپ، تۇخۇم قويۇپ، مۇستەھكەم ئورۇن ئېلىشقا باشلىماقتا. ئەرنىڭ ئايالىنى، ئاتا - ئانىنىڭ پەرزەنتلىرىنى گۇناھ - مەئسىيەتلەردىن توسۇش مەسىلىسى ئاتالمىش ئەركىنلىكنىڭ تەسىرىدە زەئىپلىشىپ بارماقتا.

توغرا، بۇنداق بىر دەۋردە ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش، ئاللاھنىڭ دىنىغا ئىنسانلارنى چاقىرىشتىن يالتىيىۋالىدىغان ھەر قانداق بىر دەۋەتچى ياكى شەخسنىڭ ئەلۋەتتە ئۆزىگە لايىق باھانە - سەۋەبلىرى بولىدۇ. لېكىن بۇ باھانە - سەۋەبلەر شەرىئەت روھىغا ئۇيغۇنمۇ، ئەمەسمۇ؟ ھەقىقەتەن باھانە - سەۋەب بولۇشقا يارامدۇ ياكى يارىمامدۇ؟ بۇ ھەقتە دوكتور يەھيا ئىبنى ئىبراھىم يەھيانىڭ «دەۋەت يولىدىن ئولتۇرۇۋالغانلارنىڭ باھانىلىرى» ناملىق ئەرەبچە كىتابتىن خۇلاسىلەنگەن باھانە - سەۋەبلەر ۋە ئۇنىڭ ھەل قىلىش چارىلىرى ھەققىدىكى ماقالىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنماقچىمىز.

مەقسىتىمىز دەۋەتچى - ئۇستازلار، مۇدەررىس - ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئالىم - ئۆلىمالارنىڭ ياكى مەلۇم تېمىدا، مۇئەييەن مەسىلىلەردە بولسىمۇ كىشىلەرنى دەۋەت قىلالايدىغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسالايدىغان پىداكارلارنىڭ قايتىدىن غەيرەتكە كېلىپ دەۋەت خىزمىتىنى جانلاندۇرۇشقا پايدىسى يېتىشىنى ئۈمىد قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر.

دەۋەت يولىدىن يالتىيىۋالغانلارنىڭ باھانە - سەۋەبلىرى شەخس، ماكان ۋە باشقا ئىجتىمائىي، سىياسىي ئەھۋاللارنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن پەرقلىق بولسىمۇ، ئىنچىكە تەتقىقاتلارغا قارىغاندا تۆۋەندىكىلەرگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:



### 1. «ياشىنىپ قالدىم، ئەمدى دەم ئالىدىغان ۋاقتىم كەلدى»

بەزى دەۋەتچىلەر «مەن قېرىپ قالدىم، بۇ چاغقىچە قىلغانلىرىمۇ يېتەر» دەپ ئۆزىنى ئالدايدۇ. ئەمەلىيەتتە دەۋەت كارۋىنىنىڭ يولى باشقا خىزمەتلەرگە ئوخشاش پېنسىيە يېشى بېكىتىلمىگەن، ئاخىرقى نەپەسكە قەدەر داۋاملىشىدىغان يولدۇر. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «سەن ئۆزۈڭگە ئۆلۈم كەلگەنگە (يەنى ئەجىلىڭ يەتكەنگە) قەدەر پەرۋەردىگارىڭغا ئىبادەت قىلغىن».

**هەسەن بەسرى (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ياخشى ئەمەل قىلىشى ئۈچۈن ئۆلۈمدىن باشقا ۋاقىت بېكىتمىگەن».**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇنجى ۋەھيي چۈشۈپ قورقۇپ كەتكەندە، هەزرىتى خەدىچە ئۇنى تاغىسى ۋەرەقەنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارغان. ۋەرەقە شۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆز قەۋمىنىڭ دۈشمەنلىك قىلىپ، هەتتا يۇرتتىن قوغلاپ چىقىرىدىغانلىقىنى، ئەمما شۇ ۋاقىتتا هايات بولسا چوقۇم ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. ئەپسۇس، ئۇ بەكلا ياشىنىپ كەتكەن كىشى بولۇپ، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆلۈپ كەتكەن. بىز پەيغەمبەرلەرنىڭ تەرجىمىھاللىرىغا قارايدىغان بولساق، ئۇلار قىرىق ياشتا پەيغەمبەر بولغاندىن باشلاپ، هاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىزچىل دەۋەت قىلغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

### 2. «تۇرمۇش قىيىنچىلىقىم بار، پۇل تاپمىسام بولمايدۇ»

بەزى دەۋەتچىلەر تۇرمۇش قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن دەۋەت يولىدىن چېكىنىپ، تامامەن دۇنيا ئەھلىدىن بولۇپ كېتىدۇ. ئۇلار ئەجەبا دەۋەت يولىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدەك جاپا تارتىپ باققانمىدۇ؟ ئاچلىقتىن قورسىقىغا تاش تېڭىپ باققانمىدۇ؟ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ئىمبارگولارغا، بېسىملارغا دۇچ كېلىپ باققانمىدۇ؟ ئۇلار ئەجەبا رىزىق تەلەپ قىلىشنىڭ ساھابە ۋە تابىئىنلارنى دەۋەت ۋە ياخشى ئىشلارغا هەسسە قوشۇشتىن توسۇپ قويالمىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانمىدۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام قەلبىمگە شۇنى ئىلھام قىلدىكى، هېچبىر جان رىزقىدىن تولۇق بەهرىمەن بولماي تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتمەيدۇ. ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، رىزىق تەلەپ قىلىشتا چىرايلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىڭلار، رىزقىڭلارنىڭ كېچىكىپ قېلىشى سىلەرنى ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىپ تۇرۇپ رىزىق ئىزدەشكە ئېلىپ بارمىسۇن، ئاللاھنىڭ جەننىتىگە پەقەت تائەت بىلەنلا يەتكىلى بولىدۇ».

### 3. «خىزمەت بىلەن ئالدىراش، ۋاقتىم يوق»

بەزىلەر ئۆمۈر بويى هۆكۈمەت خىزمىتى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئۆزىنىڭ خىزمىتىنىڭ ئالدىراش



ئىكەنلىكىنى پەش قىلىپ، دەۋەت خىزمەتلىرىدىن ۋاز كېچىدۇ ياكى قىلىۋاتقان ئىشىنىڭمۇ ساۋابلىق ئىش بولىدىغانلىقى ئېيتىپ، دەۋەتتىن تامامەن يالتىيىدۇ. ئەسلىدە ھۆكۈمەت خىزمىتى بىلەن مەشغۇل بولغانلارمۇ، ئۆز خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇش جەريانىدا ئۆز دائىرىسى ئىچىدىمۇ دەۋەت قىلالايدۇ. خىزمەتنى دەۋەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ گەپ - سۆزى، ئىش - ھەرىكىتى ئارقىلىق خىزمەتداش ۋە كەسىپداشلىرىنى تەسىرلەندۈرۈپ، ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ھالدا ئىسلامغا باشلىيالايدۇ.

سۇفىيان ئىبنى ئۇيەينە مۇنداق دەيدۇ: «كىم ئۆزى بىلەن ئاللاھنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ياخشى ساقلىسا، ئاللاھ ئۇنىڭ كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاپ بېرىدۇ. ئاللاھ ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن ئەمەل قىلغان كىشىنىڭ دۇنيالىق ئىشلىرىغا ئۆزى كۇپايە قىلىدۇ».

## 4. «بىز زامانىنىڭ كەينىدە قالدۇق»

بەزىلەر: «بىز نەدە؟ دەۋر ئۆزگەردى، بىز زامانىنىڭ كەينىدە قالدۇق، بۇنداق شارائىتتا بىزلەر ئىش قىلالمايمىز» دەپ، دەۋەت خىزمەتلىرىدىن توختاپ قالىدۇ. بۇنداق قاراش ئەمەلىيەتتە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنىڭ ئاجىزلىشىشىدىن كېلىپ چىققان. ئەپسۇس، كۆپىنچە دەۋەتچىلەرمۇ مۇشۇ خىل باھانىنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. ئۇلار: «ھازىر دەۋەت قىلىدىغانلار كۆپ، ياخشىلىق يوللىرىدا كىشىلەر ئېشىپ - تېشىپ تۇرسا، بىز ئۇلارنى قىستاپ نېمە ئىش قىلىمىز؟» دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ شەيتاننىڭ تۇزىقىغا چۈشۈپ كېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «قىزىققۇچىلار شۇنىڭغا قىزىقسۇن». ئاللاھ يەنە ئىلغار مۇسۇلمانلارنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەنە شۇلار ياخشى ئىشلارنى (باشقىلارنىڭ) ئالدىدا قىلىشقا تىرىشقۇچىلاردۇر»

بۇنداق قاراش ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشتىن دېرەك بېرىدۇ. كاپىرلارنىڭ قەلبى يامان ئىشلار بىلەن تولغان. ئۇلار دائىم باشقىلارنى جەھەننەمگە سۆرەيدىغان ئىشلارنى ئويلاش، پىلانلاش ۋە يېتەكلەش بىلەن ئاۋارە بولغاندەك، ئەسلىدە مۇئمىنىنىڭ، بولۇپمۇ ئۆلىمالارنىڭ قەلبىمۇ ھەمىشە ياخشىلىق بىلەن تولغان بولۇشى، ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا قايناپ-تېشىپ تۇرىدىغان بولۇشى كېرەك. شۇنىڭ ئۇچۇن دەۋەتچىلەرمۇ زامانىنىڭ كەينىدە قالدۇق دەپ ۋاز كەچمەستىن، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى ۋە دەۋەت كارۋىنىغا قېتىلىشى لازىم.

## 5. «بىزدە پىروگراما ۋە پىلان يوق»

بەزىلەر دەۋەت ھەققىدە مەخسۇس پىلان - پىروگراممىلارنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى، تەرتىپلىك ئىش قىلىش ئارزۇسى بولسىمۇ، ئەمما ئىمكانىنىڭ يوقلۇقىنى باھانە قىلىدۇ، ھەتتا بۇ ئىشلاردىكى ئاساسلىق مەسئۇلىيەتنى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئۆلىمالارغا ياكى ئۆز دەۋرىدىكى پېشقەدەملەرگە دۆڭگەپ قويۇپ، ئۇلارغا مالامەت قىلىش بىلەن ۋاقىتنى ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلار بىلىپ



قويىسۇنكى، پىروگراما - پىلانلار ئۆزلۈكىدىن مەيدانغا كەلمەيدۇ. ئۇ پەقەت دىنىنىڭ غېمىنى يېگەن، يۈرىكىدە دىن مۇھەببىتى يالقۇنجاپ تۇرىدىغان، مۇسۇلمانلارنىڭ مەسىلىلىرىگە چىقىش يولى ئىزدەيدىغان، ئويغاق قەلبلىك ئالىملار ۋە دەۋەتچىلەرنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. «يولغا چىقساڭ يول تاپارسەن» دېگەندەك، بۇ ئىشنىڭ كەينىگە ئەستايىدىللىق بىلەن چۈشكەنلەر چوقۇم يول خەرىتىسى سىزىپ چىقالايدۇ. ئۆزىمىزنىڭ يول خەرىتىسىنى تولۇق شارائىت ۋە ئەھۋاللىرىمىزنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىمىز سىزىپ چىقمىساق باشقا مىللەتنىڭ ئۆلىمالىرى سىزىپ بېرەلمەيدۇ. باشقىلارنىڭ يول خەرىتىسىگە قارىغۇلارچە تەقلىد قىلىپ، ھېلىمۇ بىز مىللەتنىڭ كۆرمىگەن كۈنى قالمىدى.

## 6. باشقىلارنى تەنقىدلەش، ئەيىبلەش بىلەنلا مەشغۇل بولۇش

بەزىلەر ھەدېسىلا باشقىلارنى باھالاش بىلەن ۋاقىتنى ئۆتكۈزىدۇ. مەسىلەن: پالانى دەرسنى ياخشى ئۆتەلمەيدۇ، پۈستانى بىرەر ماقالىنى ياخشى يازالمايدۇ، پوكۇنى بىرەر ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ... ۋەھاكازالار.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بىر - بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىڭلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامسىلەر؟ ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر، ئاللاھتىن قورقۇڭلار ئاللاھ (تەۋبە

قىلغۇچىلارنىڭ قىلغان) تەۋبىسىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر».

ئەينى زاماندا ھەسەن بەسرى مەسچىتتىكە يىغىلىۋالغان ئەنە شۇنداق كىشىلەرنى سۆپەتلەپ مۇنداق دېگەنىدى: «ئۇلار ئىبادەتنى ئېغىر ھېس قىلىپ، گەپ - سۆزلەرنى ئاسان كۆرگەنلەر، تەقۋالىقى ئازلاپ، گەپ تېپىش بىلەن مەشغۇل بولغان كىشىلەردۇر».

شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى كۆرۈشتىن بۇرۇن ئاۋۋال ئۆزىمىزنىڭ ئەيىبىنى كۆرۈش، ئۆزىمىزنى تەكشۈرۈش ۋە تۈزىتىش لازىم.

**7. «ئۇ دەۋەت قىلمىسا، مەن قىلامدىم؟»**

بەزىلەر دەۋەت ساھەسىدىن ۋاز كەچكەنلەرنى كۆرسىتىپ: «پالانى مەندىن دەۋەتكە ئۇستا، سۆزگە ماھىر، پۈستانى مەندىن بەكرەك ئالىم، ئۇ قىلمىسا مەن قىلامدىم؟» دەپ دەۋەتتىن ۋاز كېچىدۇ. قىيامەت كۈنى ھەر كىشىدىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا ھېساب سورىلىدۇ، قۇرۇق باھانە - سەۋەبلەر ئەسقاتمايدۇ. ئارقىدا قالغانلارنى ئۆزىگە ئۆرنەك قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ سېپىدە مېڭىشنى تەشەببۇس قىلىش مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمەس، مۇناپىقلارنىڭ خىسلىتىدۇر. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار ئۆيلىرىدە قالغۇچىلار (يەنى ئاياللار، كېسەللەر ۋە ئاجىزلار) بىلەن بىللە بولۇشقا رازى بولدى، ئۇلارنىڭ دىللىرى پېچەتلەندى.



شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار (جىھادتىكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشتىن كېلىدىغان بەختنى) چۈشەنمەيدۇ».

**8. «تەنقىد ۋە مالامەتتىن قورقىمەن»**

بەزىلەر تەنقىد ۋە تاپا - تەنىلەرگە ئۇچرىغان ھامانلا چۈشكۈنلىشىپ، قىلغان ئىشىنى تاشلىۋېتىدۇ، ئەسلا تەنقىد قوبۇل قىلالمايدۇ، باشقىلارنىڭ ھېساب سورىشىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ھالبۇكى، ھەزرىتى ئۆمەر: «بىزنىڭ ئەيىبلىرىمىزنى كۆرسىتىپ بەرگەن كىشىگە ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن» دېگەن ئىدى. مەيمۇن ئىبنى مەھران مۇنداق دەيدۇ: «مەن ياقتۇرمايدىغان گەپلەرنى يۈزۈمگە دېگىلار، چۈنكى بىر ئادەم قېرىندىشىغا يامان كۆرىدىغان گەپلەرنى يۈزتۇرانە دېمىگۈچە نەسىھەت قىلغان كىشى ھېسابلانمايدۇ».

**9. «قوللاش ۋە ئالقىشقا ئېرىشەلمىدىم»**

بەزى دەۋەتچىلەر شۇنچىۋالا كۆڭۈل بۆلۈپ، جاپا تارتىپ قىلغان دەۋىتىنىڭ تۈزۈكرەك ئالقىشقا ئېرىشەلمىگەنلىكىنى ياكى ئۇچۇر - ئالاقە ۋاستىلىرىدە كەڭ

كۆلەملىك كۆرۈلمىگەنلىكىنى ۋە ھەمبەھىرلەنمىگەنلىكىنى باھانە قىلىپ ئەپسۇسلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن دەۋەتتىن سۇسلىشىپ قالىدۇ ياكى ۋاز كېچىدۇ.

توغرا، ئىنسان قىلغان ئىشنىڭ ياخشى قوللاشقا ئېرىشكەنلىكىنى ۋە كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتلەنگەنلىكىنى كۆرگەندە ھەقىقەتەن سۆيۈنىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا ئۈمىدسىزلىنىدۇ، چۈشكۈنلىشىدۇ. بۇ نورمال پسىخىكىلىق ھادىسە. ئەمما بۇ خىل تىپتىكى دەۋەتچى ئۇستازلارغا قىلىدىغان تەۋسىيەمىز: سىز قىلغان ئىشىڭىزنى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن قىلىسىز، ئىخلاسنى داۋاملاشتۇرۇڭ، قىلغان دەۋىتىڭىزدىن ھامان بىر كۈن نەتىجە چىقىدۇ، ئەپسۇسلانماڭ، سىزگە ئاللاھنىڭ مۇكاپاتى يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ بىز ئاللاھ مۇنداق دەپ ماختىغان كىشىلەرنى ئۈلگە قىلايلى! «(ئۇلار ئېيتىدۇ) سىلەرگە بىز ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن تائام بېرىمىز، سىلەردىن (بۇنىڭ بەدىلىگە) ھېچقانداق مۇكاپات ۋە تەشەككۇر تەلەپ قىلمايمىز».

## 10. «ياخشى ئىشنىڭ ھەممىسىنى مەن قىلىمەن»

قارىماققا بۇ ناھايىتى ياخشى پىكىردەك كۆرۈنىسىمۇ، ئەمما ئىنساننىڭ تاقىتى چەكلىك بولىدۇ. «بىرگە ماھىر، كۆپكە قادىر بولۇش» پرىنسىپى ساھابىلەردىن باشلانغان ئەقىل ۋە نەقىلگە شۇنداقلا جەمئىيەت تەقەززاسىغا ئۇيغۇن يول بولۇپ، بۈگۈنكى دۇنيانىڭمۇ جىددىي تەلەپلىرىدىن بىرى. ئىلىم - پەن ۋە ماددىي تەرەققىياتلاردا ياۋروپالىقلارنىڭ مۇسۇلمانلاردىن ئېشىپ كېتىشىنىڭ ئاساسلىق سىرى دەل مۇشۇ نۇقتىغا مەركەزلەشكەن دېيىشكە بولىدۇ. ياخشى ئىشلارنىڭ تۈرى كۆپ بولىدۇ، ئەمما ھەممە ئىشنى ياخشى قىلىپ بولغىلى بولمايدۇ. ئىنساننىڭ قىممىتى ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى قىلالايدىغان ئىشى بىلەن بولىدۇ. بايغا نىسبەتەن كۈندۈزى روزىدار، كېچىسى ئابىد بولۇپ، ئەمما پۇل - مېلىنى چىڭ سىقىپ، ھېچكىمگە مەنپەئەت يەتكۈزمەي يۈرگەندىن كۆرە، ياخشىلىق يوللىرىغا، خەير ئېھسان قىلىپ، ھالال تىجارەت قىلغانلىقى بەكرەك ئەۋزەل ھېسابلىنىدۇ. شەرىئەت ئىلىملىرىنى پىششىق بىلىدىغان ئالىمنىڭ يالغۇز ئولتۇرۇپ ئىبادەت قىلغىنىدىن ياكى كۈنىگە قولىغا تەسۋىنى ئېلىۋېلىپ، نەچچە مىڭ قېتىم زىكرى ئوقۇغىنىدىن، كىشىلەرگە ئارىلىشىپ، ئىلىم - مەرىپەت يەتكۈزگىنى ئەۋزەلدۇر. ياخشى ئىش قىلىش لازىم، ئەمما شاختىن - شاخقا قونۇپ يۈرۈش، مۇقىم پروگراما ۋە مەيدانى بولماسلىق كىشىنى دائىم مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارىدۇ. دىنىي خىزمەتلەرنىڭ ھەممىنى سىناپ بېقىپ، ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ، ئاخىرىدا ھېچقانداق نەتىجە قازىنالمىغاندىن كۆرە، بىرنى چىڭ تۇتۇپ، شۇ ساھەدە ۋايىغا يەتكۈزۈپ تىرىشچانلىق قىلىپ، ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىش ياخشىراق ھېسابلىنىدۇ.

### 11. «ئۇلارنىڭمۇ ھەق تەرىپى بارغۇ! ھەق نەدە بولسا، مەن شۇ يەردە»

بەزىلەر «ھەق نەدە بولسا شۇ يەردە بول»، «ھەقىقەت شەيتاندا بولسىمۇ قوبۇل قىل» دېگەندەك پرىنسىپلارنى سۈيىئىستېمال قىلىپ، توغرا بولغان ئىشەنچلىك ئەقىدە ۋە پىكىر پروگراممىسى تۇرغۇزۇپ بولغاندىن كېيىنمۇ، يەنە كۆپلىگەن ئېقىم - مەزھەپلەر، پىكىر - ئەقىدىلەر ۋە ئۇنىڭ پېشۋالىرى ئارىسىدا قىسمەن ھەق تەرىپىنى دەپ چايقىلىپ يۈرىدۇ. بۇنداق قىلىش ئۇلارنى بارا - بارا ئۆز پىكىر ۋە ئەقىدىسىدىن شەكلىنىدىغان قىلىپ قويىدۇ. بۇ خىل تىپتىكى ئۆلىما ۋە دەۋەتچىلەر ئۆز ئەقىدە ۋە پىكرىدە مۇستەھكەم تۇرالىغان تەقدىردىمۇ، ئەتراپىتىكى كىشىلەرنى شۈبھىگە تاشلاپ قويىدۇ. نەتىجىدە دەۋەت ساھەسىدە مەغلۇپ بولۇپ، چېكىنىپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

شىئە، مۇئتەزىلە، خاۋارىج، ھەتتا بىدئەت تەشەببۇسچىلىرى قاتارلىقلارنىڭ نۇرغۇنلىغان توغرا تەرەپلىرى بولۇشىغا قارىماستىن، ئەھلى سۈننەت ئەقىدىسىدىكىلەرنىڭ ئۇلار بىلەن بولغان مۇئامىلىلەر ھەققىدىكى ئاگاھلاندۇرۇشلىرى ۋە بەلگىلىمىلىرى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ توغرا تەرەپلىرىنى قوللاش باشقا مەسىلە، بىر مەيدان، بىر ئەقىدىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش، ئاپاق - چاپاق بولۇش، مەۋقەسىزلىك ياكى كىشىلەرگە شۇنداق تۇيغۇنى بىلدۈرۈش يەنە باشقا



مەسىلە. بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا نازۇك پەرقلەر بولۇپ، بىر - بىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ.

### 12. «كىشىلەردىن قورقىمەن»

ھەر قانداق ياخشى ئىشنىڭ ھەر قاچان دۈشمىنى بولىدۇ. ئاللاھ يولىغا دەۋەت قىلىش ئەڭ شەرەپلىك، يۈكسەك مەرتىۋىلىك ئىش بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ دۈشمىنىمۇ ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ كۆپ بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ تەنقىدى ياكى پىتنە - پاساتلىرىدىن قورقۇپ ياخشى ئىشلارنى تاشلىماسلىق لازىم. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئەنە شۇ شەيتان ئۆز دوستلىرىنى (يەنى كۇففارلارنى) قورقۇتىدۇ. ئەگەر مۇئمىن بولساڭلار، ئۇلاردىن قورقماڭلار، مەندىن قورقۇڭلار».

ئەمەلىيەتتە، ھېچقانداق كىشى سىزگە ئاللاھ تەقدىر قىلغاندىن زىيادە پايدا - زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.

### 13. «نەپلى ئەمەللىرىم يوق، قايسى يۈزۈم بىلەن دەۋەت قىلاي»

بەزىلەر «نەپلى ناماز - روزىلىرىم، خەيرى - ئېھسانلىرىم، قۇرئان تىلاۋەتلىرىم، زىكرى - تەسبىھلىرىم ئاز ياكى يوق، ئۆزۈمنى ئىسلاھ قىلىپ بولۇپ ئاندىن دەۋەت قىلىمەن»



دېگەندەك باھانىلەر بىلەن ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ يۈرىدۇ ياكى ئۆزىنى دەرھال ئىسلاھ قىلمايدۇ ۋە ياكى دەۋەت قىلمايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ شەيتاننىڭ ئۇنى ياخشىلىق يوللىرىدىن توسۇش ئۈچۈن قۇرغان قىلتاقلىرىدىن بىرى بولۇپ، بۇ قىلتاققا نۇرغۇنلىغان ئاقىل ئالىملارمۇ چۈشۈپ قالىدۇ. مۇكەممەل تەقۋا بولۇپ بولغاندىن كېيىن دەۋەتنى باشلايمەن دەيدىغانلار بىر ئۆمۈر ئۆزىنى ئالداپ يۈرىدىغانلاردۇر. تەقۋالىق يول داۋامىدا ئاستا - ئاستا ئىزچىللىق بىلەن يېتىلىدىغان ئىبارەتتۇر.

مۇسۇلماننىڭ بولۇپمۇ دەۋەتچىنىڭ نەپلى ناماز - روزىلىرى، خەيرى - ئېھسانلىرى، قۇرئان تىلاۋەتلىرى، زىكرى – تەسبىھلىرى ئۇنىڭ روھىنى ياشنىتىدىغان ئابھاياتتۇر ھەمدە ياخشى ئىشلارغا ئۈندەيدىغان مۇھىم ئامىلدۇر، شۇنداقلا دىن يولىدا كەلگەن ئەزىيەتلەرگە تاقابىل تۇرۇشتىكى ئەڭ كۈچلۈك مەنىۋى قورالىدۇر. دەۋەتچىنىڭ نەپلى ئىبادەتلىرى ئازلاپ ياكى يوقۇلۇپ كەتسە، شۇنىڭغا ماس ھالدا دەۋەت قىزغىنلىقى سۇسلىشىدۇ ياكى يوقىلىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇلارغىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىمدۇر.

## 14. «توي قىلدىم، بېشىم ساق ئەمەس»

بەزى دەۋەتچىلەر توي قىلىشنىڭ ئالدىدا ناھايىتى ئاكتىپ پائالىيەتچان بولىدۇ. ئەمما توي قىلىپ بولغاندىن كېيىن دېڭىزغا چۈشكەن تاشتەك غايىب بولۇپ كېتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى تۇرمۇش لەززىتى ياكى ھەسرىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇلار ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئۆزرە بولۇشقا يارىمايدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇئمىنلەر! سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلاردىن، بالىلىرىڭلاردىن سىلەرگە دۈشمەن بولىدىغانلىرىمۇ بار، ئۇلاردىن ئېھتىيات قىلىڭلار».

## 15. «ھېچ قاملاشتۇرالمىدىم»

بەزى دەۋەتچىلەر ئۆزىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئىقتىدارىغا ماس بولمىغان خىزمەتلەرگە كىرىپ قېلىپ مەغلۇپ بولىدۇ. مەن ھېچ ئىشنى قاملاشتۇرالمايدىكەنمەن دەپ تېخىمۇ چۈشكۈنلىشىپ كېتىدۇ. بىرەر ئىش قىلىشقا، جەمئىيەت سەھنىسىگە چىقىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئىنساننىڭ ئىقتىدارى چەكلىك بولىدۇ. ھەزرىتى ئەلى: «ئىنساننىڭ قىممىتى ئەڭ ياخشى

قىلالايدىغان ئىشلار بىلەن بولىدۇ» دېگەن ئىدى. خالىدنىڭ جەڭ ماھارىتى يۇقىرى بولسا، ئۇبەي ئىبنى كەئبىنىڭ قىرائىتى بەكمۇ ئۆلچەملىك ھەم مۇكەممەل ئىدى. مۇئاز ئىبنى جەبەل ھالال - ھارام فىقھىسىگە ئەڭ ئالىم بولسا، ئىبنى ئابباس تەپسىر ئىلمىگە ئەڭ ماھىر ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان ھەممىنى قىلىمەن دەپ، ھېچقايسىسىنى ياخشى قىلالمىغاندىن كۆرە، بىرگە كۆپرەك ۋاقىت ئاجرىتىپ مۇكەممەل شەكىلدە ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىش ۋە شۇ ساھەنىڭ ئەھلى بولۇش نەقىل ۋە ئەقىلگە ھەمدە نۆۋەتتىكى رېئاللىقىمىزغا ئەڭ ئۇيغۇندۇر.

### 16. «ئىش ئويلىغىنىمدەك چىقمىدى»

ھەر ئىشنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشى ناتايىن. ئارزۇيىمىزنىڭ ھەممىسى ئەمەلگە ئېشىپ كەتمەيدۇ. خىيالىي دۇنيادا ياشاپ رېئاللىقنى ئۇنتۇپ قېلىش نۇرغۇن ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك ۋە كېيىنكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاز ۋە ئاددىي بولسىمۇ ئۆزىمىزگە، شارائىتىمىزغا، ئەمەلىيەتكە ماس بولغان ئىشنى ئىزچىل قىلىش نەتىجىگە يېقىنلاشتۇرىدۇ ھەمدە مۇۋەپپەقىيەتكە ئۇلاشتۇرىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، (ۋەزنى) ئاڭلاڭلار، (ئەمرىگە) ئىتائەت قىلىڭلار».

### 17. «شۇنچە جاپا تارتساممۇ نەتىجە يوق»

دەۋەت يولى ئۇزۇن ھەم جاپالىق يول، خەلقلا بولىدىكەن، دەۋەت بولىدۇ. ئەمما بۇنداق ئۇزۇن يولدا نەتىجىگە ئالدىراپ كېتىش ئىنسانني بارا - بارا نەتىجىدىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىدۇ، ھەتتا بۇ يولنى تاشلايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. مەيلى نەتىجىسى دەرھال ياكى كېيىن كۆرۈلسۇن، سەۋرچانلىق بىلەن ئىزچىل خىزمەت قىلىش، قەتئىي بوشاشماسلىق لازىم. بەزىدە نەتىجىلەرنى بىز ھاياتىمىزدا كۆرەلمەي، ئەۋلادلىرىمىز كۆرۈشى مۇمكىن، ھەتتا ئۇلارمۇ كۆرەلمەي، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى كۆرۈشى مۇمكىن. نېمىلا بولسۇن، قىلغان ئىش ھەقلا بولىدىكەن، ئۇنىڭ ساۋابى يېزىلىپ تۇرىدۇ، ئاللاھ ئەجرىنى كاتتا بېرىدۇ.

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىزنىڭ ئايالى پاتىمە مۇنداق دەيدۇ: «ئۆمەر بارلىقىنى، ئەقىل - پاراسىتىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن بېغىشلىغان ئىدى. ئۇ كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلەيتتى».

### 18. «كۆپ ئادەم بىللە ئىش قىلغىلى بولمايدىكەن، ئۆز ئىشىمنى قىلايچۇ»

بەزى دەۋەتچىلەر مەلۇم باھانە - سەۋەبلەرنى دەستەك قىلىپ، دەۋەت سەھنىسىدە ئاكتىپ خىزمەت قىلىۋاتقان دەۋەتچىلەردىن ئايرىم ياشايدۇ. نەتىجىدە شەيتان بىلەن يالغۇز ئېلىشىشقا مەجبۇر بولىدۇ - دە، نەپسى خاھىشى بىلەن بىرلەشكەن شەيتان ئۇنى يالغۇز ۋاقىتتا ئاسانلا يېڭىۋالىدۇ، قەلبىدە ھەسەت

ئۇتنى ياندۇردۇ، گۇمانخور قىلىپ قويدۇ. ئاخىردا تۇرلۇك ئاساسسىز پىتنىلەرگە ئىشىنىپ، ئىشەنچلىك دەۋەتچىلەرگە گۇمان قىلىدىغان، ھەتتا تۆھمەت قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى سەپداشلاردىن ۋە دەۋەتچىلەر قوشۇنىدىن ئايرىلىپ يالغۇز ياشاش بەكمۇ خەتەرلىكتۇر.

## 19. «دەۋەت يوللىرى پۈتۈنلەي تاقالغان تۇرسا»

«ياخشىلىق ۋە دەۋەت يوللىرىنىڭ ھەممىسى تاقالغان» دەپ قاراش ئاللاھقا يامان قاراشتا بولغانلىق ھەمدە ئاللاھنى لايىقىدا ئۇلۇغلىمىغانلىقتۇر، شۇنداقلا قۇرئان ھەقىقەتلىرىگە، ئەمەلىي رېئاللىققا ئۇيغۇن بولمىغان پىكىردىن ئىبارەتتۇر. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار ئاللاھنىڭ نۇرىنى (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىنى ۋە نۇرلۇق شەرىئىتىنى) ئېغىزلىرى بىلەن ئۆچۈرۈۋەتمەكچى بولىدۇ، كاپىرلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئاللاھ ئۆزىنىڭ نۇرىنى مۇكەممەل قىلماي قويمايدۇ (چۈنكى ئاللاھ ئۆزىنىڭ دىنىنى مۇكەممەل ئۈستۈن قىلغۇچىدۇر».

دەۋەت يوللىرى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى تاقالسا، يەنە بىرى ئېچىلىدۇ. سۆزلەش ئىمكانىيىتى بولمىسا يېزىش، نەق مەيدان شارائىتى بولمىسا ئىنتېرنېت ئارقىلىق، جامائەت شەكلىدە مۇمكىن بولمىسا شەخسى شەكىلدە... دېگەندەك ھەر خىل ئۇسۇل - ۋاستىلەر بىلەن ھەر زامان دەۋەت قىلىشى مۇمكىن.

## 20. «شەھەرمۇ شەھەر، دۆلەتمۇ دۆلەت يۆتكىلىپ يۈرۈپ دەۋەت قىلدىم، ئەمما تۈزۈكرەك ئىجابىي نەتىجىگە ئېرىشەلمىدىم»

بەزى دەۋەتچىلەر شەھەرمۇ شەھەر، دۆلەتمۇ دۆلەت يۆتكىلىپ يۈرۈپ دەۋەت قىلىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئەتراپلىق، پىشقان دەۋەت پىلانى بولمايدۇ. كۆپ يۆتكىلىش سەۋەبىدىن ناتونۇش مۇھىت ۋە رېئاللىقلارغا دۇچ كېلىدۇ، شۇ يەرنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى، قانۇن - نىزامى، پۇقرالارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقمايلا تۇرۇپ دەۋەت خىزمىتىنى باشلىۋېتىدۇ ۋە ئىجابىي نەتىجىگە ئېرىشەلمەي، جەمئىيەتتىن ئاغرىنىدۇ، چۈشكۈنلۈككە ئۇچراپ، ئاستا - ئاستا دەۋەت سەھنىسىدىن قولىنى قېقىپ چىقىۋالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دەۋەتچىلەر بۇنداق ئىشلارنى نەزىرىدىن ساقىت قىلماسلىقى، ئىشلاردا ئېغىر - بېسىق ۋە سالماق بولۇشى ھەمدە جەمئىيەتنى ئەتراپلىق كۆزەتكەندىن كېيىن دەۋەتكە ئاتلىنىشى، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا «سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى بىلمەي تۇرۇپ ھاياجان بىلەن ئۆزىنى ئاتماسلىقى» لازىم.

## 21. «مۇقەددەس جايلاردا ياشاشنىڭ ساۋابى ئارتۇق»

بەزى دەۋەتچىلەر مەككە - مەدىنە، قۇددۇس قاتارلىق مۇقەددەس جايلاردا ياشاشنى ۋە شۇ يەردە ئىبادەت قىلىپ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى ئەۋزەل بىلىپ، ئۆز ۋەتىنىدىكى دەۋەت خىزمەتلىرىنى تاشلايدۇ. قۇددۇس زېمىنىدا تۇرۇۋاتقان ئەبۇ دەردا سالمانغا مەكتۇپ يېزىپ: «بۇ



يەردە تۇرساق، كەلسەڭچۇ» دېگەندە، سالمان جاۋابەن: «بىر كىشىنى زېمىن ئەمەس، ئۇنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرى ئۇلۇغ قىلىدۇ» دېگەن ئىدى. ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرە: «ئاللاھ يولىدا مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنىنى قوغداش ئۈچۈن بىر كېچە چېگرا كۆزىتىپ تۇرغانلىقىم قەدىر كېچىسى ھەجەر ئەسۋەد يېنىدا قىيامدا تۇرغانلىقىمدىن ئەۋزەلدۇر» دېگەن ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇش ئالدىدا قىلغان ۋىدالىشىش ھەججىدە ئەراپات تېغىدا تۇرۇپ نۇتۇق سۆزلىگەندە تەخمىنەن 110 مىڭ ئۆپچۆرىسىدە ساھابىلەرنىڭ بارلىقى رىۋايەت قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلاردىن ئون مىڭدەك ساھابە مەككە، مەدىنىدە ۋاپات بولغان، باشقا ساھابىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك زېمىننىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقىلىپ، ئاللاھنىڭ دىنىنى تارقىتىش ۋە ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن جىهاد، دەۋەت ۋە ئىلىم - مەرىپەت قاتارلىقلار بىلەن شۇغۇللىنىپ، دۇنيانى ئىسلام نۇرى بىلەن نۇرلاندۇرغانىدى.

### 22. «ئۆزۈم ئەمەل قىلماي تۇرۇپ باشقىلارغا دەۋەت قىلسام، قانداق بولىدۇ؟ نومۇس ئەمەسمۇ؟»

بەزى دەۋەتچىلەر ئىنسان بولغانلىقى ئۈچۈن بىرەر گۇناھقا چۈشۈپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن شەيتان: «سەن گۇناھكار تۇرۇپ، قانداقمۇ باشقىلارنى دەۋەت قىلالايسەن؟ ئۆزۈڭ ئەمەل قىلماي تۇرۇپ، باشقىلارغا دەۋەت قىلساڭ قانداق بولىدۇ؟ نومۇس ئەمەسمۇ؟» دەپ ۋەسۋەسە قىلىش ئارقىلىق ئۇنى دەۋەت ۋە ياخشى يوللاردىن توسۇپ قالىدۇ. بىر تەرەپتىن توغرىدەك كۆرۈنگەن بۇ ۋەسۋەسە تۈپەيلىدىن، نۇرغۇن كۆرەشلەردە شەيتانغا يېڭىلمىگەن كىشىمۇ نەتىجىدە يېڭىلىپ قالىدۇ ۋە كۈندىن - كۈنگە دەۋەت يولىدىن يىراقلىشىپ، ئاخىرى بىر كىشىلىك ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ. مانا بۇ شەيتاننىڭ قابىلىيەتلىك دەۋەتچىلەرنى ھەق يولىدىن چېكىندۈرۈشتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك تۇزاقلىرىنىڭ بىرىدۇر. ھەر بىر دەۋەتچىنىڭ مۇنداق ئازغۇنلۇقلاردىن ئاگاھ بولۇشى بەكمۇ زۆرۈردۇر.

### 23. «ئۇ مەندىن ئېشىپ كەتسە قانداق بولىدۇ؟»

ئىلىم ۋە خىزمەت دەرىجىسى ئوخشىشىپ كېتىدىغان ياكى يېقىنلىشىدىغان دەۋەتچىلەر ئارىسىدا بەزىدە رىقابەت ۋە ھەسەتلەر يۈز بېرىپ قالىدۇ. ئاز ساندىكى بىرقىسىم

دەۋەتچىلەر شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ، بىرسى يەنە بىرىنىڭ ئىلىم ياكى خىزمەتتە، قابىلىيەت ياكى ھۆرمەتتە ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرسە چىدىماي قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ چۈشكۈنلىشىپ خىزمەتلىرى تۆۋەنلەپ قالىدۇ، ياكى بەزىدە قىيىدىغانچە دەۋەت ساھەسىدىن چېكىنىپ كېتىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە ياخشى بولمىغان ئىش بولۇپ، شەرىئەت روھىغىمۇ خىلاپ كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «بىر - بىرىڭلارنى ئۆچ كۆرمەڭلار، ئۆزئارا ھەسەت قىلىشماڭلار ۋە تەتۈر قاراشماڭلار، ئاللاھنىڭ بىر تۇغقان بەندىلىرى بولۇڭلار».

### 24. «مەن دېگەن چوپچوڭ ئۆلىما تۇرسام، باشقىلارغا ئەگىشىپ ئىش قىلسام سەت تۇرارمىكىن»

بەزى دەۋەتچىلەر يۇقىرى ئورۇن ۋە مەرتىۋىگە ئېرىشەلمىگەندە ياكى كىشىلەردىن لايىقىدا ھۆرمەت تاپالمىغاندا، ھەق يولدا باشقىلارغا ئەگىشىپ ياردەمچى بولۇپ خىزمەت قىلىشتىن نومۇس قىلىدۇ ھەمدە دەۋەت خىزمىتىنى تاشلىۋېتىدۇ. ھالبۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن ئىدى: مال - دۇنيا ۋە ئەمەل - مەنسەپ ھەۋىسىنىڭ كىشىنىڭ دىنىغا سالىدىغان زىيىنى پادا قويلار ئارىسىغا كىرىۋالغان ئېچىرقاپ كەتكەن ئىككى بۆرىنىڭ پادىغا سالىدىغان زىيىنىدىنمۇ ئېغىرراق بولىدۇ. فۇزەيل ئىبنى ئىياز مۇنداق دەيدۇ: «رىياسەتكە ھېرىسمەن ھەر قانداق كىشى ئۆزىنى مۇكەممەل كۆرسىتىش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئەيىب - نۇقسانلىرىنى كۆپرەك تىلغا ئالىدۇ، يېنىدا بىرەر كىشىنىڭ ياخشى گېپى بولۇشنى خالىمايدۇ، رىياسەتكە ئاشىق كىشىدىن ياخشىلىق كۈتكىلى بولمايدۇ».

### 25. ئۇزۇندىن بېرى دەۋەت قىلمىدىم، ئەمدى قىلسام قانداق بولار؟

بەزى دەۋەتچىلەر مەلۇم ساھەدىكى ئىلمىي خىزمەت ياكى بىر نەچچە يىل ۋاقىت كېتىدىغان قۇرۇلۇش قاتارلىق ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ، بارا - بارا دەۋەت ساھەسىدىن چىقىپ قالىدۇ - دە، يەنە قايتىدىن قەدەم ئېلىپ كىرىشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇ خىل پسىخولوگىيەلىك ئەھۋال چۈشىنىشلىك بولسىمۇ، ئەمما قەيسەر دەۋەتچىلەرگە نىسبەتەن ياراشمايدىغان بىر ئىشتۇر. يۈرىكىگە ئاللاھ مۇھەببىتى، دىنىي خىزمەت ئوتى تۇتاشقان ھەر بىر دەۋەتچى چوقۇم بۇنداق مەسىلىلەرنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، شەرەپلىك خىزمىتىنى قايتىدىن باشلىۋېلىشى لازىم. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئاللاھ سىلەرگە ياردەم بەرسە، سىلەرنى ھېچ كىشى يېڭەلمەيدۇ. ئەگەر ئاللاھ سىلەرگە ياردىمىنى تەرك ئەتسە، ئاللاھتىن باشقا سىلەرگە كىم ياردەم بېرىدۇ؟ مۇئمىنلەر يالغۇز ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلسۇن (يەنى ھەممە ئىشنى ئاللاھقا تاپشۇرسۇن)».

**26. «قىيىن كۈنلەر ئۆتۈپ كەتسۇن»**

بەزى دەۋەتچىلەر زاماننىڭ ئۆزگىرىشىنى، ئەھۋالنىڭ ياخشىلىنىشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. دىن غېرىب ھالەتتە باشلىنىپ بارا - بارا شانۇ - شەۋكەتكە، كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە بولغان ئىدى. غېرىبلىق كۈنلەر ھەمىشە داۋاملاشمايدۇ، ئەمما دەۋەتچىلەرنىڭ سەۋەب قىلماستىن كەڭچىلىك، بەخت - سائادەتلىك كۈنلەرنى ساقلاپ دەۋەت سەھنىسىدىن چېكىنىشى توغرا بولمىغان ئىشتۇر. ئەجەبا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىغا ئۇلار ئىگە بولمىسا كىم ئىگە بولىدۇ؟ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى، پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن (ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ ئازابىدىن قورقىدىكەن)، ياخشى ئىش قىلسۇن».

**27. «خىزمىتىم بار، ھوقۇق - مەنسىپىم ۋە جەمئىيەتتە ئورنۇم بار، دەۋەت سەۋەبلىك ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالسام بولماس»**

بەزىلەر خىزمىتىم بار، ھوقۇق مەنسىپىم ۋە جەمئىيەتتە ئورنۇم بار، ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەيمەن، دەپ دەۋەت خىزمىتىنى تاشلىۋېتىدۇ. ھالبۇكى، دەۋەت خىزمىتى پەيغەمبەر مىراسى بولۇپ، پۈتۈن خىزمەتلەر ئىچىدە ئەڭ شەرەپلىكتۇر. ئۇنى تاشلاپ باشقا يەردىن شەرەپ ئىزدەش ئەڭ ئەخمىقانىلىقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئاگاھ بولۇڭلاركى، ھەقىقەتنى كۆرگەن ياكى شاھىت بولغاندا كىشىلەردىن قورقۇش سىلەرنىڭ بىرىڭلارنى ھەقىقەتنى دېيىشتىن توسۇپ قويمىسۇن».

**28. «دەۋرگە بېقىپ ئىش قىلمىساق بولمايدۇ، جاھان شۇ تۇرسا»**

بەزى دەۋەتچىلەر پىتنە زامانىدىكى شۈبھەلەر سەۋەبىدىن ئۆز - ئۆزىنى ئالداپ، مەيدان ئۆزگەرتىپ رەڭگارەڭ بولۇۋالىدۇ. بۈگۈن قىلغان سۆزىگە ئەتىسى، ئەتە قىلغان سۆزىگە ئۆگۈنى ئىگە بولالمايدۇ. ئەگەر سوراپ قالسىڭىز، دەۋرگە بېقىپ ئىش قىلمىساق بولمايدۇ جاھان شۇ تۇرسا، دەپ باھانە كۆرسىتىدۇ. ئەبۇ مەسئۇد ئەنسارى ھۇزەيفىدىن نەسىھەت تەلەپ قىلغاندا، ئۇنىڭغا مۇنداق نەسىھەت قىلغانىدى: «ھەقىقىي ئازغۇنلۇق بولسا بۇرۇن سەن يامان دەپ قارىغان ئىشنى ئەمدىلىكتە ياخشى، ياخشى دەپ قارىغان ئىشنى ئەمدىلىكتە يامان دەپ قاراشتۇر. دىن مەسىلىلىرىدە رەڭگارەڭ بولۇشتىن ساقلانغىن، ئاللاھنىڭ دىنى بىردۇر. ئىمام مالىك مۇنداق دەيدۇ: دىنىي ئىشلاردا كۆپ يۆتكىلىپ تۇرۇش (مەۋقەسىزلىك) خەتەرلىك كېسەلدۇر».

**29. «دەۋەت يولىدا بەك جاپا تارتتىم، چارچىدىم»**

بەزى دەۋەتچىلەر: «دەۋەت يولىدا بەك جاپا تارتتىم، چارچىدىم، ئەمدى بولدى قىلايچۇ» دېيىشىدۇ. بۇ خىلدىكى دەۋەتچىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋەت ھاياتىنى ئەسلەپ باقسا بولىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بىز ھەقىقەتەن نۇھنى

قەۋمىگە (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، نۇھ (قەۋمىنى تەۋھىدكە دەۋەت قىلىپ) ئۇلارنىڭ ئىچىدە 950 يىل تۇردى (نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بۇتپەرەس بولۇپ، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە چىنپۇتمىدى). ئۇلار زالىم بولغانلىقلىرى (يەنى كۇفرىدا ۋە گۇمراھلىقتا چىڭ تۇرۇپ ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغانلىقلىرى) ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارنى توپان (بالاسى) بىلەن ھالاك قىلدى».

ئۇلار ئىبراھىم، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالاملارنىڭ بېشىغا كەلگەن جەبىر - جاپالارنى ئويلاپ باقسۇن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋەت يولىدىكى چەككەن رىيازەتلىرى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىپ ئۆزلىرىدىن ھېساب ئېلىپ باقسۇن.

### 30. «مەن بىر كىشىلىك مۇسۇلماندارچىلىق قىلاي»

بەزى دەۋەتچىلەر: «ئاللاھقا شۈكرىكى، مەن ياخشى بىر مۇسۇلمانمەن، گۇناھ قىلمايمەن، ھەممىلا ئادەمنىڭ دەۋەتچى بولۇشى زۆرۈر ئەمەس، مەن بىر كىشىلىك مۇسۇلماندارچىلىق قىلاي» دەپ ئۆزىنى بەزلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، دەۋەت قىلىشقا قابىلىيىتى بار تۇرۇپ تاشلىۋېتىشنىڭ ئۆزى گۇناھ بولۇش بىلەن بىرگە، ئۆزىنى مەن گۇناھسىز، مەن ياخشى مۇسۇلمان، دەپ ئاقلاپ، ئۆز - ئۆزىدىن پەخىرلىنىش گۇناھقا ئاپىرىدىغان يەنە بىر گۇناھتۇر. ئەسلىدە مۇسۇلمان ئۆز ئەمەلىگە ئىشەنچ قىلىپ كەتمەستىن، بەلكى ئاللاھتىن قىلغان ياخشى ئىشلىرىنىڭ قوبۇل بولۇشىنى ئۈمىد قىلىش بىلەن بىرگە، كەمچىلىكلىرىدىن قورقۇش ماقامىدا تۇرۇشى كېرەك. «ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ (ئۇنىڭ) ئازابىدىن قورقىدۇ، پەرۋەردىگارىنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن ساقلىنىشقا تېگىشلىكتۇر».

## خاتىمە

ئاللاھ يولىدا كىشىلەرنى ھەقىقەتلەرگە چاقىرىش، ياخشىلىق يوللىرىغا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشتىن ئىبارەت پەيغەمبەر مىراسى بولغان دىنىي خىزمەتنى شەرەپ بىلىپ مېڭىۋاتقان ھۆرمەتلىك يولباشچىلار، دەۋەتچىلەر، ئۇستازلار، قېرىنداشلار! يولۇڭلارنى داۋام قىلىڭلار، دىنىمىزنىڭ ھەقىقىي ۋارىسلىرى بولۇڭلار! دەۋەت يولىدىكى توسالغۇلار شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، ئەمما ياخشىلىق يوللىرىنىڭ تۈرى يەنىلا ناھايىتى كۆپ، ئۇسۇللىرى ھەر خىل بولغانلىقى ئۈچۈن، يۇقىرىقى باھانىلەرنىڭ ھېچقايسىسى دائىملىق توسالغۇ بولالمايدۇ. «ياخشى ئىشلارغا ئالدىراڭلار. ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر».

بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەختەمجان ھەسەن.



# ئىسلامدىكى جازا قانۇنلىرى ھەققىدىكى سەپسەتىلەرگە رەددىيە

ئىبراھىم ئىبنى تەۋفىق بۇخارى
تەرجىمە قىلغۇچى: فاتىھ بۇغرا

بىزلەرنى دۇچ كەلگەن مەسىلىلىرىمىزدە ھۆكۈم چىقىرىشتا مۇراجىئەت قىلىدىغان مۇبارەك شەرىئىتىمىز ئارقىلىق باشقا دىندىكىلەردىن ئۈستۈن قىلغان ئۇلۇغ رەببىمىزگە چەكسىز ھەمدۇ سانالار بولسۇن. يولباشچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلىسى ۋە ساھابىلىرىگە ئاللاھنىڭ سالامى ۋە رەھمىتى بولسۇن.

قازىلىرىمىز شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىگە تايىنىپ چىقىرىدۇ. بۇ ھۆكۈملەر قاتارىدا جازا قانۇنلىرىدىن زىنا ۋە ئوغرىلىقنىڭ جازالىرىمۇ بار، ئەلۋەتتە. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الزَّانِيَةُ وَالزَّانِي فَاجْلِدُوا كُلَّ وَاحِدٍ مِنْهُمَا مِائَةَ جَلْدَةٍ وَلَا تَأْخُذْكُمْ بِهِمَا رَأْفَةٌ فِي دِينِ اللَّهِ إِنْ كُنْتُمْ تُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ وَلْيَشْهَدْ عَذَابَهُمَا طَائِفَةٌ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ﴾ (زىنا قىلغۇچى ئايال ۋە زىنا قىلغۇچى ئەرنىڭ ھەر بىرىنى يۈز دەررىدىن ئۇرۇڭلار، ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىدىغان بولساڭلار، ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ (ئەھكامىنى ئىجرا قىلىشتا) ئۇلارغا رەھىم قىلماڭلار، ئۇلارنى جازالىغان چاغدا مۆمىنلەردىن بىر تۈركۈم كىشى ھازىر بولسۇن».

﴿وَالسَّارِقُ وَالسَّارِقَةُ فَاقْطَعُوا أَيْدِيَهُمَا جَزَاءً بِمَا كَسَبَا نَكَالًا مِنَ اللَّهِ وَاللَّهُ عَزِيزٌ حَكِيمٌ﴾ (ئوغرىلىق قىلغۇچى ئەرنىڭ ۋە ئوغرىلىق قىلغۇچى ئايالنىڭ قىلمىشىنى جازالاپ، ئاللاھ تەرىپىدىن ئىبرەت قىلىش يۈزىسىدىن قوللىرىنى كېسىڭلار، ئاللاھ (ئۆز ئەمرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا) غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، كىمكى (ئوغرىلىق قىلىپ كىشىلەرگە) زۇلۇم قىلغاندىن كېيىن تەۋبە قىلسا، (ئەمەلىنى) تۈزىسە (يەنى ئوغرىلىق قىلىشتىن يانسا)، ئاللاھ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر).

ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن چەك - چېگرالارغا يېقىنلىشىپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَتِلْكَ حُدُودُ اللَّهِ وَمَنْ يَتَعَدَّ حُدُودَ اللَّهِ فَقَدْ ظَلَمَ نَفْسَهُ﴾ (ئەنە شۇ ئاللاھنىڭ چەك - چېگرالىرىدۇر (يەنى مەنئى قىلغان ئىشلاردۇر)، كىمكى ئاللاھنىڭ چەك_ چېگراسىدىن ھالقىپ كېتىدىكەن، ئۇ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ). ﴿تِلْكَ حُدُودُ اللَّهِ فَلَا تَقْرَبُوهَا﴾ (ئەنە شۇلار

ئاللاھ بەلگىلىگەن چېگرىلاردۇر (يەنى مەنئى قىلغان ئىشلاردۇر)، ئۇنىڭغا يېقىنلاشماڭلار).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چەكلىمىلەرگە يېقىنلىشىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ، ئاللاھنىڭ قانۇنلىرىنى ئىجرا قىلىشقا تەرغىب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «حد يعمل في الأرض خير لأهل الأرض من أن يمطروا ثلاثين صباحا» (زېمىندا ئاللاھنىڭ بىر قانۇنىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئۇ (بۇ سۆز ئارتۇقچە) زېمىن ئەھلىگە 30 كۈن يامغۇر ياغقاندىن ياخشى).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېدى: «أقيموا حدود الله في القريب والبعيد، ولا تأخذكم في الله لومة لائم» (ئاللاھنىڭ قانۇنىنى يېقىن - يىراق ھەممىگە ئىجرا قىلىڭلار، سىلەرنى ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى ئىجرا قىلىشتا ھېچكىمنىڭ مالامىتى توختىتىپ قويمىسۇن).

بۇ ماقالەمدە ئىسلامدىكى جازا قانۇنلىرى ھەققىدىكى سەپسەتىلەر ۋە ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىش ھەققىدىكى ئايەت، ھەدىسلەر ۋە مۇتەخەسسىس ئالىملارنىڭ سۆزلىرىنى جەملىدىم. ئاللاھ تائالادىن مېنى توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلىشىنى ۋە بۇ ئەمەلىمنىڭ




ئۆز رازىلىقى ئۈچۈن بولۇشىغا مۇيەسسەر قىلىشىنى سورايمەن.

## بىرىنچى: ئومۇمىي سەپسەتىلەر

1. شەرئىي جازالار كونا، قاتمال، ۋاقتى ئۆتكەن، زامانىنىڭ كەينىدە قالغان بولۇپ، تەرەققىي قىلغان، مەدەنىيەتلەشكەن، سانائەتلەشكەن بۇ زامانغا ماس كەلمەيدۇ. شۇڭا كونا زاماندىكى بۇ ھۆكۈملەرگە ئەمەل قىلىش ئىنسانىيەتكە قىلىنغان ھاقارەت ۋە ئىنسانىيەتنى فېئودال ئەسىرنىڭ قاراڭغۇلۇق پاتقىقىدىكى چوڭقۇر ھاڭغا تاشلىغانلىقتۇر.

### بۇ سەپسەتىنى بىتچىت قىلىش يوللىرى:

1) ئەقلى - ھوشى جايىدا، ئىشلارغا ئىنساب بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان ھېچقانداق بىر كىشى بىر قانۇننىڭ كۈچكە ئىگە ياكى ئەمەسلىكىنى شۇ قانۇن ئوتتۇرىغا چىققان زامان بىلەن ئۆلچىمەيدۇ. بەلكى ئۇ قانۇننىڭ كۈچكە ئىگە بولۇش دائىرىسى ۋە شۇ قانۇن ھۆكۈملىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشىدىكى غايە - مەقسەتلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ياكى ئەمەلىيلەشمەسلىكى بىلەن ئۆلچەيدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن، كونا قانۇنلارنىڭ ھەممىسى رەت قىلىنمايدۇ، يېڭى قانۇنلارنىڭ ھەممىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ. سەھرالاردا ئوتتۇرىغا چىققان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى كارغا كەلمەس، شەھەرلەردە ئوتتۇرىغا چىققان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى يارامىلىق بولمايدۇ.

2) ئىسلام شەرىئىتىنىڭ

مەنبەسى يەر يۈزىدىكى بىرەر ماكانغا ۋە ياكى كەمچىلىكتىن خالىي بولالمايدىغان، تىرىشچانلىقى ۋە ئەقلىي چەكلىك بولغان بىر ئىنسانغا باغلىق بولماستىن، بەلكى بۇ شەرىئەت، ئەرەب ياكى باشقا مىللەت بولسۇن، يېزىلىق ياكى شەھەرلىك بولسۇن، بۇرۇن ياشىغان ياكى ھازىر ياشاۋاتقان بولسۇن، ئاللاھ تەرەپتىن پۈتۈن ئىنسانىيەتكە رەھمەت بولۇپ چۈشۈرۈلگەن قانۇنلاردۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا أَرْسَلْنَاكَ إِلَّا رَحْمَةً لِّلْعَالَمِينَ﴾ ((ئى پەيغەمبەر!) سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق) ﴿وَمَا أَرْسَلْنَاكَ إِلَّا كَافَّةً لِّلنَّاسِ بَشِيرًا وَنَذِيرًا﴾ (سېنى بىز پەقەت پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن (مۆئمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇشخەۋەر بەرگۈچى ۋە (كاپىرلارنى ئازاب بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق). ﴿قُلْ يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنِّي رَسُولُ اللَّهِ إِلَيْكُمْ جَمِيعًا﴾ ((ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن»)

3) بۇ سەپسەتىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلارنىڭ يېڭىغا ئېسىلىپ، كونىنى تاشلىشى ساغلام ئەقىلگە تايانمايدۇ. ئۇلار پەقەت ھەر قانداق يېڭىلىقتا يوشۇرۇن ياخشىلىقلار مەۋجۇت، ھەر قانداق كونا نەرسە - قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر - ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن پايدىسى تۈگەپ، ھېچ ئىشقا يارىمايدىغان بولۇپ قالىدۇ، دېگەن خىيالىي خاھىشىغا تايىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق ئىنسان بارلىق كونىنى تاشلاپ، پۈتۈن ئىشلاردا يېڭىلىققا يۈزلىنىشى لازىم، دېگەن قاراشمۇ ئاساسى يوق يۈزەكى قاراشتۇر.

4) بۇ سەپسەتە شەرىئەتنىڭ جازا قانۇنىنى ئىنسانلار تەرەپتىن تۈزۈلگەن قانۇن جازا قانۇنلارغا ئوخشىتىش سەۋەبلىك مەيدانغا كەلگەن. چۈنكى ئىنسان تەرەپتىن تۈزۈلگەن جازا قانۇنلىرى ۋە ھۆكۈملەر ھەر ۋاقىت يېڭىلىنىپ، ئۆزگىرىش ھاسىل بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا ئىلگىرىكى قانۇندىكى خاتا بولۇپ قالغان تەرەپلەرنى تۈزەتكىلى ۋە تېخىمۇ پايدىلىق، تېخىمۇ مەنپەئەتلىك قانۇنلارنى يولغا قويغىلى بولىدۇ. ئىنسان تەرەپتىن تۈزۈلگەن قانۇن - ھۆكۈملەر ئىجرا قىلىنىدىغان زامانغا ماس شەكىلدە ئۆزگەرتىلىدۇ ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. «نېمە ئۈچۈن ئىسلامىي قانۇن - ھۆكۈملەرنىمۇ مۇشۇنداق يېڭىلىمايمىز؟» دېيىشىدۇ. بۇ قاراش ئىسلام شەرىئىتىگە نىسبەتەن خاتادۇر.

5) بۇ قانۇن - ھۆكۈملەرنىڭ ئىجرا قىلىنىشى جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش، كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى ھىمايە قىلىش ۋە جىنايى قىلمىشلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈندۇر. ئۆتكەن ئەسىرلەر بويىچە ئوخشاش بولمىغان مۇھىت، مەدەنىيەت ۋە خەلقلەردە ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئىجرا قىلىنىپ، كۆتكەن نەتىجىلەرنىڭ ئەمەلىيلەشكەنلىكى بۇ شەرىئەتنىڭ ھەممىدىن خەۋەردار، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەنلىكىنىڭ، باشقا

قانۇنلارنىڭ بۇ شەرىئەتنىڭ ئورنىنى باسالمايدىغانلىقىنىڭ ۋە بۇ شەرىئەت ئەمەلىيلەشتۈرگەن نەتىجىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرەلمەيدىغانلىقىنىڭ ئېنىق دەلىلىدۇر.

2. شەرىئەت قانۇنلىرى رەھىمسىزلىك ۋە ياۋايىلىق تۈسىنى ئالغان بولۇپ، ئىنساننىڭ قەلبىدە يىرگىنىش پەيدا قىلىدۇ. ئىنسانى ھۆرمەت قىلىدىغان ۋە كىشىلىك ھوقۇقلارنى ھىمايە قىلىدىغان، ئىنسانىيەت ئەسرى بولغان بۇ زامانغا ماس كەلمەيدۇ.

## بۇ سەپسەتىنى بىتچىت قىلىش يوللىرى:

1) جازا ياخشى ئىشقا بېرىلگەن مۇكاپات ئەمەس، بەلكى سادىر قىلىنغان قىلمىشقا قارىتا بېرىلگەن جازادۇر. بۇ جازا ئارقىلىق جىنايەتچىنىڭ جىنىنى ئاغرىتىش ۋە جىنايەت ئىشلەشتىن توسۇش مەقسەت قىلىنىدۇ. ئەگەر جازا جىنىنى ئاغرىتىدىغان بولمىسا، ئۇنى ئىجرا قىلغاننىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولىدۇ؟ ھەتتا بىر ئادەمنىڭ ئۆز ئەۋلادىغا قىلغان تەربىيەسىدىمۇ قىلغان تەربىيەنىڭ ئەھمىيىتى بولۇشى ۋە بالىسىنىڭ تۈزۈلۈشى ئۈچۈن بىر ئاز قاتتىق ۋە ئاغرىتىدىغان بولۇشى لازىم.

شەكسىزكى ئىنسان، جەمئىيەتتە ھېچقانداق جىنايەت يۈز بەرمىسىكەن، ھەتتاكى «جازا» دېيىدىغان بىر ئۇقۇم مەۋجۇت بولمىسا، ھەممە ئادەم ئۆزىگە پايدىلىق ئىشلارنى قىلسا، كەمچىللىكىنى تونۇپ تولۇقلىسا، مەسئۇلىيىتىنى تونۇپ، ئادا قىلسا، دېگەننى ئارزۇ قىلىدۇ. لېكىن بۇ رېئاللىقتا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، ئەمەلگىمۇ ئاشمايدىغان بىر ئارزۇدۇر. چۈنكى جەمئىيەتتە ئۆزىگە نېمىنىڭ پايدىلىق، نېمىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان، جىنايەت ۋە بۇزغۇنچىلىق تۇيغۇسى قېنىغا سىڭىپ كەتكەن، باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىش، ھەقلىرىگە تاجاۋۇز قىلىشنىڭ پېيىدىلا يۈرىدىغان زالىملارمۇ مەۋجۇت، ئەلۋەتتە.

ھاياتلىق پەقەتلا قائىدە - تۈزۈملەرگە بويسۇنۇش، باشقىلارنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنى قوغداش ۋە كىشىلەرگە زىيان ئۇرماسلىق بىلەن نورماللىشىدۇ. كىمكى بەلگىلەنگەن قائىدە - يوسۇنغا بويسۇنماي چېكىدىن ئېشىپ جىنايەت ئۆتكۈزسە، ئۇ كىشىنى جىنايەتتىن توختىتىش ئەقلىي ۋە قانۇنىي جەھەتتىن زۆرۈردۇر. جىنايەتنى توسۇش پەقەت بىرئاز قاتتىق قوللۇق ۋە جان ئاغرىتىش بىلەن بولىدۇ. ئەرەب تىلىدىكى «عقوبة» (جازا) سۆزىدىن (العقاب) سۆزىدىن تۈرلەنگەن بولۇپ، يۇمشاق قوللۇق ۋە ئاجىزلىق بىلەن ئىجرا قىلىنسا، جازا بولمايدۇ، بەلكى جازا دەپ ئاتاشمۇ توغرا بولمايدۇ. دېمەك، قاتتىق قوللۇق جازالاشنىڭ ئاساسىي ماھىيىتىدۇر. ئەگەر جازالاشتا قاتتىق قوللۇق بولمىسا، جازانىڭ ماھىيىتى ۋە تەسىرى يوقاپ كەتكەن بولىدۇ.

لېكىن ھەرقانداق بىر جىنايەتكە جازا بەرگەندە، جازانىڭ قاتتىقلىق دەرىجىسى قانچىلىك بولىدۇ؟

جازانىڭ قاتتىقلىق دەرىجىسىنى ئىشلەنگەن جىنايەتنىڭ خەتىرىنىڭ قانچىلىكلىكى بەلگىلەيدۇ. يەنى جازانىڭ قاتتىقلىقى جىنايەتنىڭ خەتىرىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە مۇناسىپ بولۇشى كېرەك. جىنايەتنىڭ خەتىرى ۋە كەلتۈرۈپ چىقارغان زىيىنى قانچىلىك چوڭ بولسا، جازاسىمۇ شۇنچىلىك ئېغىر ۋە قاتتىق بولىدۇ؛ جىنايەت يېنىك بولسا، جازاسىمۇ يېنىك بولىدۇ.

قانۇن چىقارغۇچىلار جازا پەلسەپەسىنى چۈشىنىشتە ھەرقانچە ئىختىلاپلاشقان بولسىمۇ، جازانىڭ جىنايەتكە قارىتا بېكىتىلىدىغانلىقىدا ھەممىسى بىردەك قاراشتا. ئىنسانلار تەرىپىدىن تۈزۈلگەن جازا قانۇنلىرىنىڭ ئۆزگەرتىلىپ تۇرۇشى بۇنىڭ ئەڭ چوڭ دەلىلىدۇر.

جازا جىنايەتكە قارىتا بولىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان قائىدىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، كىشىلەر ئارىسىدا يەنىلا شەرئىي جازالارنى ئېغىرلىقتا چەكتىن ئېشىپ كەتكەن دەيدىغانلار بولسا، بۇ ئۇلارنىڭ بەزى جىنايەتلەرنى مۆلچەرلىيەلمىگەنلىكى ۋە خەتىرىنى ھېس قىلالمىغانلىقى، شۇنداقلا بۇ جازالارنى قانۇنلاشتۇرغۇچى ئاللاھنىڭ بۇنىڭدىكى ھېكمىتىنى ۋە جىنايەتنىڭ خەتىرىگە قارىتا تۇتقان پوزىتسىيەسىنى بىلەلمىگەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر.

باشقىلار تەرىپىدىن چەكتىن ئاشقان، ۋەھشىي دەپ ئەيىبلىنىۋاتقان



قاتىلنى ئۆلتۈرۈش، زىنا قىلغۇچىنى چالما - كېسەك قىلىش، ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىش قاتارلىقلار مەزكۇر جىنايەتلەرگە تولىمۇ لايىقىدا بېرىلگەن جازالاردۇر. چۈنكى بۇ جىنايەتلەر پۈتۈن بۇزغۇنچىلىقلارنىڭ بېشى ۋە مەنبەسىدۇر. يەنە كېلىپ بۇ جىنايەتلەرنىڭ ھەر بىرى شەرىئەتتە قوغدىلىشى زۆرۈر دەپ بېكىتىلگەن، ھايات ئۇنىڭسىز نورماللىقىنى يوقىتىدىغان، بارلىق ئەقلى جايىدا كىشىلەر ۋە قانۇنلار ئۇنىڭ قوغدىلىشىنى مۇھىم دەپ قارىغان بەش ئاساسىي پىرىنسىپنىڭ بىرىنى ياكى بىر نەچچىسىنى دەپسەندە قىلىدۇ.

شۇ سەۋەبتىن بۇ جىنايەتلەرنىڭ قايسى بىرىنى سادىر قىلغان كىشى ئەڭ ئېغىر جازاغا ئۇچرىشى كېرەككى، بۇ جازا ئۇ كىشى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشىغان كىشىلەرنى بۇ جىنايەتلەرنى ئىشلەشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان قىلىۋەتسۇن.

شەرىئەت قانۇنىنى تەئەسسۇبىيەتلىك بىلەن قارىلاپ ئىجرا قىلمىغان، بىخەتەرلىك ئورگانلىرى ناھايىتى كۈچلۈك، ماددىي تەرەپتىن تەرەققىي قىلغان، تۈرلۈك ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە دۆلەتلەرنىڭ شۇ

جىنايەتلەرگە تۇتقان پوزىتسىيەسى ۋە ئۇ جىنايەتلەر سەۋەبىدىن دۆلەتلەرنىڭ ئۇسال ئەھۋالغا قېلىۋاتقانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇمدۇر.

2) ئىسلامنىڭ جازا قانۇنىنى ئەيىبلەۋاتقانلار بۇ قىلمىشى ئارقىلىق جىنايەتچىنىڭ مەنپەئەتىگە كۆڭۈل بۆلگەندەك بولۇپ، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى ئۇنۇتتى. قاتىلغا شەپقەت قىلىپ ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ھەققىگە سەل قارىدى. جازانى ئېغىر دەپ قاراپ، جىنايەتنىڭ كۆپىيىشىگە يول ئاچتى.

ئۇلار جازا بىلەن جىنايەتنى بىر - بىرىگە سېلىشتۇرۇپ كۆرگەن بولسا ۋە ئىككىسىنى بىرلىكتە تەپەككۇر قىلغان بولسا، ئەلۋەتتە شەرىئەتنىڭ جازا قانۇنلىرىدىكى ئادالەتنى ۋە بەلگىلىگەن جازانىڭ جىنايەتكە ماس ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن بولاتتى.

مەسىلەن ئورنىدا ئوغرىنىڭ قىلمىشىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدىغان بولساق، ئۇ تىمتاس قاراڭغۇدا تاملاردىن ئاتلاپ ياكى قۇلۇپنى چېقىپ ئۆيگە كىرىدۇ، ئۆيلىرىدە خاتىرجەم ئولتۇرۇۋاتقانلارنى چوڭ - كىچىك دېمەي پىچاققا ئوخشىغان نەرسىلەر بىلەن تەھدىت سېلىپ قورقۇتىدۇ، ئۆي ئەھلىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان قىممەتلىك بۇيۇملىرىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ، پەردىشەپىنى ئاياغ ئاستى قىلىدۇ ۋە ئېغىر بولغاندا قارشىلىق قىلغانلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتىنمۇ يانمايدۇ. چۈنكى ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئوغرىلىق قىلىۋاتقاندا ۋە ياكى قېچىپ ماڭغاندا ئۆزىنى ۋە مال - مۈلكىنى قوغداش ئۈچۈن ئالدىنى توسقانلارغا تەھدىت سېلىش ۋە ئۆلتۈرۈش بىلەن سادىر بولىدۇ. ئۆيدىكى ئاياللار ۋە باللار كۆزنى ئاچقاندا ياۋۇز ئوغرىنىڭ ئۇچرىغان كىشىگە تەھدىت سالىدىغان قورقۇنچلۇق سىماسىنى كۆرۈپ، خاتىرجەملىك تۇيغۇسىنى يوقىتىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن ئوغرى - بۇلاڭچىلارنىڭ كىشىلەردە پەيدا قىلىدىغان بىئاراملىق، خاتىرجەمسىزلىك ۋە مال - مۈلۈكلىرىنى قوغداش، قىممەتلىك نەرسىلەرنى مەخپىي جايلارغا يوشۇرۇپ، قۇلۇپلاپ ساقلاش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ جاپا - مۇشەققەت تارتىدۇ. ئاخىرىدا مال - مۈلكىنىڭ يەنىلا ئوغرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشى مال ئىگىسىنى ئەڭ غەزەپلەندۈرىدىغان، مال ئىگىسىنىڭ كۆڭلىدە ئوغرىدىن ئىنتىقام ئېلىش تۇيغۇسىنى ئۇرغۇتىدىغان بىر ئەھۋالدۇر.

يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى ئۆزىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەندەك ھېس - تۇيغۇدا بىر قاتار كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئوغرىغا بەرگەن جازاسىنى ئويلايدىغان بولساق، بۇ جازالارنى ھەرگىزمۇ ئېشىپ كەتكەن، قاتتىق قوللۇق ۋە ۋەھشىيلىك تۈسىنى ئالغان دېمىگەن بولاتتۇق.

ئىسلامنىڭ باشقا جازا قانۇنلىرىدىكى ئەھۋالمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش ناھايىتىمۇ لايىق تەرىقىدە بەلگىلەنگەندۇر. ھەربىر جىنايەتنىڭ جازاسىنى شۇ جىنايەت ئېلىپ

كېلىدىغان ماددىي ۋە مەنىۋى زىيان - زەخمەتلەر بىلەن سىلىشتۇرغىنىمىزدا، ئۇلۇغ رەببىمىز ئاللاھ تائالانىڭ ھەربىر جازانى ناھايىتى مۇناسىپ ھالدا بېكىتكەنلىكىنى ۋە ھېچكىمگە زۇلۇم قىلمايدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

3) ئاللاھ تائالا كىشىلەرنىڭ خاتىرجەم ھايات كەچۈرۈشىنى خالايدۇ. بۇ خاتىرجەملىك پەقەت ۋە پەقەت جەمئىيەتتىكى بۇزۇقچىلىق قىلغۇچىلارنى توسۇش ۋە ئۇلارغا ئېغىر زەربە بېرىپ، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى قىلىشقا ھېچكىمنى جۈرئەت قىلالمايدىغان قىلىۋېتىش بىلەن مەيدانغا كېلىدۇ.

مەسىلەن: ئىنسانىنىڭ بىر ئەزاسى كېسىۋېتىلمىسە بولمايدىغان بىر ئەھۋالدا ئېغىر كېسەل بولسا، دوختۇر كېسەلنىڭ باشقا ئەزالارغا تاراپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بۇ ئەزانى كېسىۋېتىلمىسە بولمايدىغانلىقىغا دىياگنوز قويۇپ بۇ ئەزانى كېسىۋېتىسە، دوختۇرنىڭ بۇ قىلغىنى رەھىمسىزلىك بولامدۇ ياكى بىمارغا ياخشىلىق قىلغانلىق ۋە ھاياتىنى قۇتقۇزغانلىق بولامدۇ؟

دوختۇرنىڭ بۇ قىلغىنى قارىماققا رەھىمسىزلىكتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەگەشمە كېسەللىكلەرنىڭ بىمارغا ئېلىپ كېلىدىغان زىيىنىغا سېلىشتۇرغاندا، ھېچقانداق رەھىمسىزلىك بولماستىن بەلكى مېھرى - شەپقەت قىلغانلىقتۇر ۋە بىمارنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتقانلىقتۇر. جەمئىيەتمۇ خۇددى ئىنساننىڭ بەدىنىگە ئوخشاش بىر جىسىم بولۇپ، جەمئىيەتتىكى ھەربىر كىشى شۇ جىسىمنىڭ بىر ئەزاسىدۇر.

4) ئىسلام قانۇنى جىنايەت قىلمىشلىرىغا جازا بېرىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى جىنايەتتىن توسىدىغان ئەقىل ۋە ۋىجدان ئىگىسى ھەربىر كىشىنىڭ جىنايەتكە يېقىن كەلمەسلىكى ئۈچۈن مۇھىم بولغان يېتەرلىك تەربىيەلەرنى قانات يايدۇرىدۇ.

شەرىئەت ھېچبىر جىنايەتچىگە، ھېچكىمنىڭ مەجبۇرلىشىدا ئەمەس، بەلكى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن جىنايەتكە ئىنتىلىش تۇيغۇسىدا قىلغانلىقىنى ئېنىقلىماي تۇرۇپ ھەرگىزمۇ جازا بەرمەيدۇ. يۇقىرىقى ئەھۋاللاردىن كېيىن كىشىنىڭ يەنىلا جىنايەت سادىر قىلغانلىقى ئۇ كىشىنىڭ بۇزغۇنچى ۋە ناچار ئىكەنلىكىنىڭ ۋە شۇ جازاغا لايىق ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتىدۇر.

مىسالغا ئالىدىغان بولساق، ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىش جازاسى كىشى ئوغرىلىق قىلىشقا مەجبۇرلىنىپ قالمايدىغان ھالەتتە، جەمئىيەتتىكى ھەربىر كىشىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئادىللىق بىلەن ھەل قىلىش، بايلارنىڭ مال - مۈلكىنىڭ مەلۇم قىسمىنى يوقسۇللارغا بۆلۈپ بېرىش، ئۇرۇق - تۇغقانلار ئارىسىدا بىر - بىرىگە نەپىقە بېرىشنى پەرز قىلىش، مېھماننىڭ ھۆرمىتىنى جايىدا قىلىش، قولۇم - قوشنىلار ئۆزئارا ياردەمدە بولۇش، دۆلەت مەسئۇللىرىنىڭ يوقسۇللارنىڭ زۆرۈر تۇرمۇش ئېھتىياجى بولغان

ياتىدىغان ئورۇن، يەيدىغان يېمەكلىك قاتارلىق مەسىلىلىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت نورغۇن بەلگىلىمىلەر ئارقىلىق ئوغرىلىق قىلمىشىنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ۋە قاتتىق چەكلەيدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە ئوغرىلىق قىلسا، بەلگىلەنگەن بويىچە ئۇنىڭ قولى كېسىلىدۇ.

بۇنىڭ بىلەن بىرگە دۆلەت ۋە ياكى جەمئىيەت باشلىرىنىڭ، ئىشلەپ جان بېقىشقا كۈچى يېتىدىغان ھەر كىشىگە ئامال بار خىزمەت پۇرسەت يارىتىپ بېرىشى، شۇ ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ، ئېھتىياج بېسىمى تۈپەيلى جىنايەتكە كىرىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەجبۇرىيىتىمۇ بار. بۇ ئەھۋاللاردىن كېيىن يەنىلا جىنايەت يۈز بەرسە، ئىسلام قانۇنىنىڭ بۇنى قاتتىق قوللۇق بىلەن توسۇش ھەققىمۇ بار، ئەلۋەتتە.

ئىسلام دىنى ئىنساندا جىنسىي ئىستەك بارلىقىنى ۋە ئىنساننىڭ شۇ تۈيغۇنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئىنتىلىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، توغرا يول بىلەن ھەل قىلىش چارىسىنى كۆرسىتىپ نىكاھنى يولغا قويدى. گۇناھقا چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن، شارائىتى يار بەرسە بالدۇرراق توي قىلىۋېلىشقا تەرغىب قىلدى. ئەگەر شارائىتى يار بەرمىسە، «بەيتۇلمال» يەنى دۆلەت خەزىنىسىدىن ياردەم بېرىش كېرەكلىكىنى كۆرسەتتى. يەنە ياشلارنى بۇزۇقچىلىققا ئۈندەيدىغان ھەرخىل ۋاستىلەردىن جەمئىيەتنى پاك تۇتۇشقا، توي قىلىپ بولغانغا قەدەر ئىنساننىڭ گۇناھقا چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن شەھۋەت كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان، ھەم كاتتا ئەجىر - ساۋاب بېرىلىدىغان ئەمەللەردىن بىرى بولغان روزا تۇتۇشقا تەرغىب قىلدى.

ئىسلام دىنى يۇقىرىقى ۋاستىلەر ئارقىلىق جىنايى قىلمىشلارنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلەن بىرگە جىنايەتچىنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ. زىنا قىلغۇچىنى مىسالغا ئالساق، زىناخور جىنايەت ئۆتكۈزۈشتە ھېچكىمدىن ئەيمەنمەيدىغان، مۇقەددەس ئەنئەنىلەرنى كۆزگە ئىلمايدىغان ھالغا يەتكەندە، ئاندىن ئادىل تۆت كىشىنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن جازا بېرىلىدۇ.

ئويلاپ باقىدىغان بولساق، بۈگۈنكى كۈندىكى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي تەرەپلەرنىڭ تەلەپ تەقەززاسى ۋە بېسىمى ياشلار بىلەن ئۆيلىنىش ئارىسىدا مۇساپە پەيدا قىلىپ، ئۇلارنى بولمىغۇر جىنايەتكە ئىتتىرىۋاتىدۇ. بىر تەرەپتىن قارىغاندا، ياشلارنىڭ مەلۇم سەۋىيەدىكى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ھالەتكە يەتكەندىن كېيىن توي قىلىشى توغرا دەپ قارالسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ شۇ سەۋەبلىك زىنا - پاھىشىگە چۈشۈپ قېلىشى تېخىمۇ ئېغىر خاتالىقتۇر. ئىسلام دىنى بۇ تەرەپلەرگىمۇ ناھايىتى كۆڭۈل بۆلگەن بولۇپ، ئىسلام ھاكىمىيىتى ھەقىقىي ماھىيىتى بىلەن ئىجرا قىلىنىۋاتقان بىر زاماندا، ياشلارنىڭ شەھۋىتىنى قوزغايدىغان، پاھىشىگە، چۈشكۈنلۈككە ئۈندەيدىغان يېرىم يالىڭاچلىق بولمايدۇ. كىنوخانىلاردا

يېرىم يالىڭاچ قىلىملەر قويۇلمايدۇ، گېزىت - ژۇرناللارغىمۇ بۇنداق بۇزۇقچىلىق ئامىللىرى بېسىلمايدۇ، يوللارغىمۇ ئېلان دەپ ئىسىم قويۇلغان بۇگۇنكىدەك قالايمىقان رەسىملەر ئېسىلمايدۇ. يوقسۇللۇق بىر ئادەمنىڭ ئۆيلىنەلمەسلىكىنىڭ سەۋەبى بولۇپ قالمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ توي قىلىشىغا باشقىلار ياردەملىشىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئاددىي - ساددا بولسىمۇ توي قىلىش ئىمكانىيىتى بولغانلىقى ئۈچۈن، زىنا - پاھىشىگە بېرىلىشتە ھەرگىزمۇ ئۆزۈرلۈك بولمايدۇ.

خوش، زىنادىن ئىبارەت قەبىھ بىر جىنايەت سادىر بولدى دەيلى، ئىسلام دىنى بۇ جىنايەتنى ئىسپاتلاشتا ناھايىتى ئىنچىكە يول تۇتقان بولۇپ، بۇ جىنايەتكە ئىككى خىل ھالەتتە جازا ئىجرا قىلىنىدۇ.

بىرىنچىسى، جىنايەتچى جىنايىتىنى ئوچۇق - ئاشكارا تۆت قېتىم ئېتىراپ قىلسا ۋە جازا ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پاكلىنىشىنى تەلەپ قىلسا، يەنە كېلىپ جازا ئىجرا بولغانغا قەدەر شۇ جىنايەتنى قىلغانلىقىدىن تېنىۋالمىسا ئاندىن جازا ئىجرا قىلىنىدۇ.

ئىككىنچى، جىنايەتچى ھېچكىمدىن ئەيمەنمەي جىنايەت ئۆتكۈزىدىغان ھالغا يەتسە، يەنى تۆت ئادەم ئۇنىڭ جىنايەت قىلىۋاتقان ھالىنى ئېنىق، ئاشكارا كۆرسە ئاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن جىنايەت ئىسپاتلىنىپ، جازا ئىجرا قىلىنىدۇ.

يۇقىرىقىلار ئىسلام دىنىنىڭ جىنايەتلەرگە تۇتقان پوزىتسىيەسى بولۇپ، ھېچقانداق ئەھۋالدا كىشىنى جازالاشقا ئالدىرىمايدۇ، بەلكى جەمئىيەتنىڭ ئىسلاھاتىنى ئالدىنقى ئورۇندا قويىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن جازالاش مەسىلىسىدىمۇ شەك - شۈبھىگە ئاساسلىنىپ، ھېچكىمگە جازا بەرمەيدۇ.

5) بۇ جازالارنى ئىجرا قىلىشتىكى ئەڭ چوڭ مەقسەت، غايە ئالدى بىلەن شۇ جىنايەتلەرنىڭ سادىر بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتۇر. چۈنكى شەرىئەتنىڭ قائىدە - پرىنسىپىدا جازا ئەڭ ئاخىرقى چارىدۇر.

ئىسلامنىڭ جازا قانۇنىنى ئەيىبلەۋاتقانلار ئىسلام جازا قانۇنىنى ھەر كۈنى ھەر كىشىگە ئىجرا قىلىنىدىغان، ئىنسانلار تەرىپىدىن تۈزۈلگەن قانۇنلارغا ئوخشىتىپ خاتا ئويلاپ قالغان. ئۇلار مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى چوڭ شەكىلدىكى قىرغىنچىلىق مەيدانى دەپ ئويلاپ، ھەر ۋاقىت بىرى قامچىلىنىدۇ، بىرىنىڭ قولى كېسىلىدۇ، بىرى چالما - كېسەك قىلىنىدۇ، مۇشۇ ھالەتتە قىرغىنچىلىق كۆپ بولىدۇ، دەپ ئويلاپ قالىدۇ.

ھالبۇكى، ئىسلام تارىخىدا بۇنداق جازالار ناھايىتى ئاز ساندا ئىجرا قىلىنغان بولۇپ، ھەتتا بەزى رايونلاردا جىنايەت سادىر بولمىغاچقا، ھېچقانداق جازا ئىجرا قىلىنمىغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت. چۈنكى بۇ جازالار پەقەت بۇزغۇنچىلىقتا پېتىپ كەتكەن،

يامانلىقتا ئادەتلىنىپ كەتكەن، كىشىلەرنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلىش ۋە تىنچلىق، خاتىرجەملىكنى بۇزۇپ، جەمئىيەتنى ساراسىمىگە سېلىش، جىنايەت ئۆتكۈزۈش قاتارلىقلار قان - قېنىغا سىڭىپ كەتكەن كىشىلەرگە ئىجرا قىلىنىدۇ.


ئىسلام شەرىئىتىنىڭ جازا قانۇنلىرىنى قاتتىق قوللۇق ۋە ياۋۇزلۇق دەپ قاراش چۈشەنچىدىكى يۈزەكىلىك ۋە ئىسلام قانۇنىنىڭ ماھىيىتىنى بىلمىگەنلىكتۇر. ئىسلام شەرىئىتىنى ياخشى ئۆگەنگەن ھەربىر كىشى ئىسلامدىكى جازا قانۇنلىرىنىڭ تەھدىت ۋە ياكى قاتتىق قوللۇق ئەمەس، بەلكى جىنايەت سادىر بولغاندىن كېيىنكى ئىنتىقامدىن بەكرەك، تەربىيە ئۇسلۇبىدىكى ساقلىنىشنى ساقلاپ قېلىش يولىدىكى ياخشى بىر چارە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايدۇ.

ئىسلام شەرىئىتىدە «جازا ئېنىق ئىسپات يوق ھالدا، گۇمان بىلەن ئىجرا قىلىنمايدۇ» دەيدىغان مەشھۇر بىر قائىدە بار بولۇپ، پۈتۈن ئىسلام ئالىملىرى بۇ قائىدىگە ئەمەل قىلىنىدىغانلىقىدا بىرلىككە كەلگەن.

بۇ قائىدىنىڭ مەنىسى: جازانىڭ ئىجرا قىلىنىشىدىكى شەرتلەر تولۇق بولماسلىقى ياكى جىنايەت سادىر قىلىنىشقا شارائىتىنىڭ سەۋەب بولۇشقا ئوخشاش شەك - شۈبھە بىلەن ھەد جازاسى ئىجرا قىلىنمايدۇ. قازى ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا تەزىر جازاسى بەرسە بولىدۇ، دېگەنلىكتۇر.

ياخشى ئويلانغان ۋاقتىمىزدا يۇقىرىقىدەك ئېھتىماللىقلارنىڭ كۆپلۈكىنى ۋە تۈرلىرىنىڭ چەكسىزلىكىنى كۆرىمىز. شۇنىڭدەك ساھابىلەرنىڭ ۋە تابىئىنلارنىڭ زامانىدىمۇ ھەد جازالىرىنىڭ شەك - شۈبھەلەر بىلەن ئىجرا قىلىنمىغان ناھايىتى كۆپ ۋەقەلەر بارلىقىنى ۋە قانۇنشۇناس ئالىملارنىڭ چىقارغان پەتىۋالىرىدىمۇ بۇ مەسىلە كەڭ بايان قىلىنغانلىقىنى كۆرىمىز.

بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئوبۇلقاسىم ئەھمەدى





# سىيەر ھەققىدىكى تۈنجى يازما ئەمگەكلەر

مۇستاپا فايدا
تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇرېھىم دۆلەت

سىيەرەت ۋە ئۇنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولغان سىيەر كەلىمىسى ئىسلام دۇنياسىدا ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەرجىمىھالى ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان بىر ئاتالغۇدۇر. ئۇرۇش مەيدانى ۋە ئۇرۇش دېگەننى ئىپادىلەيدىغان «مەغزا» كەلىمىسىنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولغان «مەغازى» كەلىمىسى بولسا پەيغەمبىرىمىزنىڭ غازات ۋە يۇرۇش تارىخلىرىنى ئىپادىلەيدىغان بىر سۆزگە ئايلانغان بولۇپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاياتى تەسۋىرلەنگەن بارلىق ئەسەرلەرگە قويۇلىدىغان بىر نام ھالىغا كەلگەن، يەنى سىيەر كەلىمىسى بىلەن مەنىداشلىققا ئىگە بولغان ئىدى. بۇ ئىككى ئاتالغۇ بەزىدە ئايرىم - ئايرىم، بەزىدە بىرلىكتە قوللىنىلىپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاياتىغا دائىر يېزىلغان ئەسەرلەرگە قويۇلغان بىر نام ھالىغا كەلدى. مەسىلەن: ئىبنى كەسىر (ۋاپاتى 1372) ئىبنى ئىسھاقنىڭ (ۋاپاتى 768) ئەسىرىنى بەزىدە «سىيرەتول ئىبنى ئىسھاق»، بەزىدە بولسا «مەغازى ئىبنى ئىسھاق» دېگەن ئىككى نام بىلەن تىلغا ئالغان. سىيەر كەلىمىسى يەنە ئىسلام قانۇنى ساھەسىدە دۆلەتلەرنىڭ بەزى خاس ۋە ئومۇمىي قانۇن تارماقلىرىغا قويۇلغان بىر نامدۇر. ئومۇمەن ئېيتقاندا، سىيەر ۋە مەغازى كەلىمىلىرى رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتىنى قەلەمگە ئالغان ئەسەرلەرگە قويۇلغان ئاتالغۇ بولۇپ، بەزىدە بىرلىكتە، بەزىدە ئايرىم - ئايرىم قوللىنىلىپ كەلگەن.

سىيەر ۋە مەغازى تېمىسىدا ئەمگەكلەر مۇسۇلمانلارنىڭ تارىخقا كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە تارىخ يېزىشىنىڭ باشلىنىشى بىلەن يېقىن باغلىنىشلىقتۇر. بۇ پائالىيەتلەر ئوخشىمىغان ساھەلەردىكى كۆلتۇر ۋە ئىلىم تەرەققىياتىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان. بۇ پۈتۈن تەرەققىياتلارنىڭ ئاساسىنى قۇرئان كەرىم ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ شەخسىيىتى بىلەن ھاياتى نامايان قىلغان قىممەتلەر تەشكىل قىلغان. بۇ ئىككى ئاساسىي ئامىلدىن باشقا، قۇرئان نازىل قىلىنغان ئەرەب جەمئىيىتىنىڭ ئىسلامدىن بۇرۇنقى ئەھۋالى، رەسۇلۇللاھتىن كېيىن ئۇممەتتە ئىجمائ چۈشەنچىسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى، ھىجرەتنىڭ تارىخ ۋە كالېندار ئۆلچىمى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىشى، دىۋان تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلۇشى،

ئىسلامىي فەتىھلەر ۋە ئىسلام دۆلىتىنىڭ تولىمۇ قىسقا بىر زامان ئىچىدە بىر ئىمپېرىيەگە ئايلىنىشى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئوخشىمىغان دىن، مەدەنىيەت ۋە سىياسىي چۈشەنچىلەر بىلەن ئۇچرىشىشى، غەيرىي مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىشى بىلەن باشلانغان خىلمۇخىل ئىختىلاپلار ۋە مىللەتچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى قاتارلىق مەسىلىلەر ئىسلام دۇنياسىدا تارىخ يېزىقچىلىقىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئاساس ھازىرلىغان چوڭ سەۋەبلەردىندۇر. بىز بۇ يەردە پەقەت سىيەر ۋە مەغازى ئەسەرلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن ئامىللار ھەققىدىلا قىسقىچە توختىلىمىز.

قۇرئان كەرىم ئۆتمۈشكە يېڭى بىر كۆز بىلەن قارىغان، ئۆتمۈش، ھازىر، كېلەچەك (ئاخىرەت)، كائىنات ۋە ئىنساننىڭ يارىتىلىشىغا دىققىتىمىزنى تارتقان، بۇرۇنقى قەۋملەرنىڭ دىنىي، ئەخلاقىي ۋە سىياسىي ھايات پائالىيەتلىرىنىڭ ياخشىلىرىدىن ئۆرنەك، يامانلىقلىرىدىن ئىبرەت ئېلىشنى بۇيرۇيدىغان، رەسۇلۇللاھنىڭ پەيغەمبەرلەر زەنجىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھالقىسى ئىكەنلىكىنى دائىم سەمىمىزگە سېلىش بىلەن رىسالەتنىڭ باشتىن - ئاخىرى بىر ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدىغان بىر ئالەمشۇمۇل چۈشەنچە ئېلىپ كەلگەن ئىدى. قۇرئانغا ئاساسلانغاندا، تارىخ ئىنسانلار ۋە ئالەمنىڭ تارىخىدۇر. چۈنكى ئاللاھ ئالەملەرنىڭ رەببىدۇر. ئىنسان ئاللاھنىڭ يەر يۈزىدىكى خەلىپىسىدۇر. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى بولسا ئاللاھنىڭ سۈننىتى (قانۇنىيىتى) گە ئۇيغۇن يوسۇندا مەدەنىيەت ۋە جەمئىيەت بەرپا قىلىش بىلەن يەر يۈزىنى گۈللەندۈرۈش ۋە ئۆزىنى تونۇشىدۇر. بۇ سەۋەبتىن، ئىنسانلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى كۆزىتىش ۋە تەتقىق قىلىش ئىنسانلارغا ئالاھىدە تەلقىن قىلىنغاندۇر.



قۇرئان كەرىم تارىخ مەلۇماتلىرىنى ئىنسانلارنى تەربىيەلەش ۋە ئۇلارغا ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن قوللانغان. يەنە بىر تەرەپتىن، قۇرئان مۇسۇلمانلارغا ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئىتائەت قىلىشنى، ھەر ئىشتا رەسۇلۇللاھنى ئۈلگە قىلىشنى ۋە ئۇنى سۆيۈشنى بۇيرۇغاندۇر. بەزى ئايەتلەردە رەسۇلۇللاھنىڭ بالىلىقى، ياشىغان جەمئىيىتىنىڭ دىنىي ۋە ئەخلاقىي ئەھۋالى، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكى، ئىسلامنى يەتكۈزۈش داۋامىدا ئۇچرىغان ئەزىيەتلەر، غازات ۋە قوشۇن ئەۋەتىشلەر، ئائىلە ھاياتى، ساھابىلەرنىڭ ئەھۋاللىرى ۋە بەزى تارىخىي ۋەقەلەر زىكىر قىلىنىدۇ. دېمەك، بۇ پۈتۈن خۇسۇسلار ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئاننى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش ۋە رەسۇلۇللاھنى ئۈلگە قىلىش قىزغىنلىقى ئۇلارنى رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتىنى ئۆگىنىش ۋە بۇ ھەقتە ئىزدىنىشكە تۈرتكە بولغان ئەڭ مۇھىم ئامىللاردۇر.

قۇرئاندىن قالسىلا ئىسلام دىنىنىڭ ئىككىنچى مەنبەسىنى تەشكىل قىلغان ھەدىسلەرنىڭ تەكشۈرۈلۈشى ۋە خاتىرىلىنىشى ئىسلام دۇنياسىدا تارىخ يېزىقچىلىقىنىڭ باشلىنىشىغا ئالاھىدە مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن. ئىمان، ئىبادەت ئاساسلىرى، ھەربىي، ئىدارىي ۋە باشقا قانۇنىي تېمىلار، شۇنداقلا كۈندىلىك ھاياتنى تەرتىپكە سېلىشتا رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىنى ئۆگىنىش ۋە كۆڭۈل بۆلۈش بىر مۇقەررەر زۆرۈرىيەتكە ئايلانغان ئىدى. بىز رەسۇلۇللاھنىڭ ھايات ۋاقتىدا ۋاپاتىدىن كېيىن ئەللىككە يېقىن ساھابىنىڭ ھەدىسلەرنى خاتىرىلىگەنلىكىنى مەنبەلەردىن كۆرىمىز. بۇ پائالىيەتلەر تابىئىنلار دەۋرىگە كەلگەندە تېخىمۇ كەڭ كۆلەمگە ئىگە بولغان ئىدى. شۈبھىسىزكى، ھەدىسلەر رەسۇلۇللاھنىڭ شەخسىيىتى، ھاياتى، غازات ۋە قوشۇن ئەۋەتىشلىرى ھەققىدە بىرىنچى قول مەنبەدۇر. بۇ ئەمگەكلەر بىلەن بىرلىكتە، بەزى مۇھەددىسلەر رەسۇلۇللاھنىڭ غازات، قوشۇن ئەۋەتىشلىرىگە ئائىت ھەدىسلەرنى، ئەقىدە، ئىبادەت، ئەخلاق ۋە فىقھى تېمىدىكى ھەدىسلەردىن ئايرىم بىر مۇستەقىل ئەسەر قىلىپ توپلاشقا باشلىغان ئىدى. بۇ سەۋەبتىن، مەغازى ئەسەرلىرىنىڭ ئاۋانگارتلىرى تابىئىنلار دەۋرىدىكى مۇھەددىسلەر بولغان. بۇ خۇسۇس، ھەدىس ئەسەرلىرى ئىچىدە غازات ۋە قوشۇن ئەۋەتىشلەرگە ئايرىم ئورۇن بېرىلىشىگە توسالغۇ بولمىغان ئىدى.

رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتىنى بىلىشكە بولغان بۇ قىزغىنلىق ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن تېخىمۇ ئارتىشقا باشلىغان ئىدى. تۆۋەندىكى ئەسەر تابىئىنلارنىڭ بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىسىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ:

ئەلى ئىبنى ھۈسەين مۇنداق دەيتتى: «بىز پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەغازىلىرى (غازاتلىرى)نى خۇددى قۇرئاندىكى ئايەتلەرنى ئۆگەنگەندەك ئۆگىنەتتۇق».

مۇسۇلمانلارنىڭ سىيەرگە بولغان قىزغىنلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى

مۇشۇنچىلىك بايان قىلغاندىن كېيىن، بۇ ساھەدىكى تۇنجى يازما ئەمگەكلەر ھەققىدە توختىلىمىز. ئاۋۋال شۇنى تىلغا ئېلىش كېرەككى، بۇ ھەقتىكى خىلمۇخىل تەتقىقاتلار پەقەت سىيەر ۋە مەغازى ساھەسىدىلا ئەمەس، ھەدىسشۇناسلىق ۋە باشقا ئىلىم تارماقلىرىدىمۇ، تۇنجى يازما ئەسەرلەرنىڭ ئېنىق تارىخىنى بېكىتىشتە تېخىچە كەسكىن نەتىجىگە يېتەلمىگەنلىكىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ.

بۇ ئەھۋالنىڭ نۇرغۇنلىغان سەۋەبلىرى بار. نۇرغۇن ئەسەرلەرنىڭ زامانىمىزغا يېتىپ كېلەلمەسلىكى، يېتىپ كەلگەنلىرىنىڭ بىر قىسمىنىڭ تېخىچە قوليازما ھالىتىدە ئىكەنلىكى سەۋەبلەرنىڭ بەزىلىرىدۇر. فۇئاد سەزگىن ئىسلام دۇنياسىدىكى تۇنجى تەدۋىن پائالىيەتلىرىنىڭ باشلىنىشىغا ئالاقىدار تەتقىقاتلارنىڭ 150 يىلدىن بۇيان تەتقىق قىلىنىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ھازىرغىچە جەزمىي نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلمەسلىكىنى، رىۋايەتلەرنىڭ پەقەت ئاغزاكى كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت خاتا چۈشەنچىدىن مەيدانغا كەلگەنلىكىنى ۋە بۇ ئەھۋالنىڭ باشتا ھەدىسشۇناسلىق ۋە باشقا ئىلىم تارماقلىرى ئۈچۈنمۇ ئورتاق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئىسلامدىن سەل بۇرۇن ۋە ئىسلامنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا، شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى يېزىق ھالىتىدە مەۋجۇت بولسىمۇ، يەنىلا ئاغزاكى يول بىلەن تارقىلاتتى.

ساھابىلەرمۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەكتۇپلىرى ۋە خەلىپىلەرنىڭ بۇيرۇقلىرىنىمۇ مۇشۇنداق نەقىل قىلىشاتتى. بۇ كونا ئەرەب ئادىتىدىن باشقا، كېيىنكى تارىخي تەرەققىياتلار، بولۇپمۇ سىياسىي ئىختىلاپلار، ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە «ئىسناد» دەپ ئاتالغان بىر ئۇسۇلنى تۇرغۇزۇش زۆرۈرىيىتىنى پەيدا قىلدى. دىنىي ياكى باشقا بىر تېمىدىكى بىر نەسنى يەتكۈزمەكچى بولغان كىشىنىڭ چوقۇم بىر ياكى بىر نەچچە شاھىت كەلتۈرۈشى تەلەپ قىلىناتتى. بۇ ئىسنادنىڭ پەيدا بولغان ۋاقتىدىن باشلاپلا يېزىلغان مەتىنلەرگە دالالەت قىلىدىغانلىقىنى، شۇڭلاشقا ھىجرەتنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ئەسىرلىرىگە تەۋە بىزگە يېتىپ كەلگەن مەنبەلەردىكى ماتېرىياللارنى باھالىغان تەتقىقاتچى يۇقىرىدىكىدەك خاتا قاراشلاردىن يىراقلىشىشى كېرەكلىكى تەبىئىي تەقەززاغا ئايلىنىدۇ:

1. بۇ رىۋايەتلەر ئىسلامنىڭ دەسلەپكى 150 يىلىدا ئاغزاكى شەكىلدە تارقىلاتتى.

2. مۇھەددىسلەر ھىجرەتنىڭ ئىككىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرى، ئۈچىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسنادنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن بولۇپ، بۇنى خەۋەر ۋە رىۋايەتلەرنىڭ بېشىغا قوشۇپ خاتىرىلىگەن ئىدى.

ھالبۇكى، تەتقىقاتچى چوقۇم بىزلەرگىچە ئۇلاشقان ۋە ئىسنادنى قوللانغان بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئۆزىدىن

بۇرۇنقى ئەسەرلەرگە تايىنىلىپ يېزىلغانلىقىنى، ئىسنادتا ئورۇن ئالغان ئىسىملارنىڭ كۆپىنچىسى ياكى ئەڭ ئاز بىرىنىڭ مۇئەللىپ ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇماسلىقى كېرەك. بۇ رىۋايەت ۋە ئىسناد يولى بىلەن يېزىلغان تەپسىر، ھەدىس، فىقھە، سىيەر، مەغازى، تارىخ، ئەدەبىيات ۋە شېئىر قاتارلىق ساھەلەردىكى ئەسەرلەر ئۈچۈنمۇ كۈچكە ئىگە.

سىيەر ۋە مەغازى ساھەسىدىكى دەسلەپكى ئەسەرلەر بەزى ساھابىلەرنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان مۇھەددىسلەر تەرىپىدىن قەلەمگە ئېلىنغان. پەيغەمبىرىمىزنىڭ غازاتلىرى ھەققىدىكى سورالغان سوئاللار مەغازىنىڭ يېزىلىشىنى مۇقەررەر بىر تەقەززاغا ئايلاندۇرغان. مەدىنە ۋە باشقا شەھەرلەردىكى ۋالىي، قوماندان ۋە باشقا چوڭلار خاتىرىسى ياخشى كىشىلەردىن: «بەدىر غازىتى قانداق يۈز بەردى؟ كىملەر قاتناشتى؟ قاتناشقانلار قانچە ئادەم ئىدى؟...» دېگەندەك سوئاللارنى سورايتتى، كېچە مەجلىسلىرىدە بۇلارنى ئاڭلاشتىن زوق، ھۇزۇر ئالاتتى. يادلاش كۈچى كۈچلۈك كىشىلەر بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلىرىنى ساھابىلەر ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزلىرىگە تايىنىپ سۆزلەيتتى. ساھابىلەرنىڭ بەزىلىرى رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتىنىڭ ھەر خىل تەرەپلىرىگە ئائىت زور مىقداردىكى تارىخىي ماتېرىيال، رەسۇلۇللاھنىڭ باشقا ئەللەرگە ئەۋەتكەن دەۋەت مەكتۇپلىرى، مەدىنىگە كەلگەن ئەلچىلەر ھەققىدىكى مۇھىم مەلۇماتلارنى توپلىغان ئىدى. بەزى ساھابىلەرنىڭ بالىلىرىنىڭ بىزگە يەتكەن رىۋايەتلىرىدە «بۇۋامىنىڭ كىتابىدا كۆرگىنىمگە ئاساسلانغاندا»، «دادامنىڭ كىتابىدا كۆرگىنىمگە ئاساسلانغاندا» دېگەندەك ئىپادىلەرنى قوللانغانلىقىنى كۆرىمىز. مەسىلەن: ۋاقىدى (ۋاپاتى 822)نىڭ مەنبەلىرىدە تېپىلغان بۇنداق بىر ئەسەر، مەزكۇر ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى بولغان ساھابىنىڭ نەۋرىسى ئەبۇ ئەمر ئىبنى ھۇرەيس ئۈززىنىڭ قولىدا بار ئىدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسقا (ۋاپاتى 688) تەۋە دېيىلگەن نۇرغۇن كىتابلاردا ئۇنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ نەسەبى ۋە غازاتلىرىغا ئالاقىدار نۇرغۇن مەلۇماتلارنى يازغانلىقى، دەرس ھەلقىلىرىدە مەغازى ئوقۇتۇشقا مەخسۇس ۋاقىت ئاجراتقانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس (ۋاپاتى 685)نىڭ مەشھۇر «سەھىفەتۇسسادىقە»نىڭ بىر قىسمىدا رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتى ۋە غازاتلىرىغا ئالاقىدار ھەدىسلەرنىڭ خاتىرىلەنگەنلىكى مەلۇمدۇر.

يەنە ساھابىلەردىن بەرا ئىبنى ئازىب (ۋاپاتى 693)نىڭ سىيەر ۋە مەغازىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رىۋايەتلىرىنىڭ يازما مەتىن شەكلىدە بار ئىكەنلىكى يۇقىرىقى ئېھتىمالدا ھەقىقەتتۇر، بۇخارىي بۇ رىۋايەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى ئەسىرىگە كىرگۈزگەن.

ئەلا ئىبنى ھەدرەمى، ھۇمەيد ئىسىملىك ساھابىلەرنىڭمۇ بىردىن يازما مەتىن قالدۇرغانلىقىنى

مەنبەلەردىن كۆرىمىز. ئۇنىڭدىن باشقا ئەنسارلاردىن سەئىد ئىبنى ئۇبادىنىڭ مەغازىغا ئائىت بىر ئەسىرى بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ نەۋرىسى شۇرەھبىل ئىبنى سەييىد ئىبنى سەئىد (ۋاپاتى 740)نىڭمۇ ئائىلىسىنىڭ بۇ ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرغانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

ساھابىلەر دەۋرىدىكى ئەمگەكلەردىن ئاخىرقى بىر ئۆرنەك بولسا ۋاقىدىنىڭ مۇھىم مەنبەلىرىدىن بىرى بولغان سەھل ئىبنى ئەبۇ ھەسمە ئەنسارىينىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان بىر ئەسىرىدۇر. بۇ كىتاب ئۇنىڭ نەۋرىسى ياكى نەۋرىسىنىڭ نەۋرىسى مۇھەممەد ئىبنى يەھيا ئىبنى سەھلدە بار ئىدى. بۇ ساھابە 624 - يىلى تۇغۇلغان بولۇپ، بالا ساھابىلەردىن سانىلاتتى. ۋاقىدىنىڭ بۇ ئەسەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئەسىرىگە كىرگۈزگەنلىك ئېھتىماللىقى كۈچلۈك. تەبەرى (ۋاپاتى 922)نىڭ ئەسىرىدىكى بۇ ساھابىنىڭ ئەسىرىدىن ئېلىنغان نەقىللەر ئۇنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ پۈتۈن غازاتلىرىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى بىزگە كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەد ئىبنى سەھل ۋە قېرىندىشىنىڭ ئوغۇللىرى مۇھەممەد ئىبنى سۇلايمان ۋە ئەبۇ بەكرى سۇلايمانلارمۇ مەغازى كىتابلىرىدىكى رىۋايەتلەردە ئورۇن ئالغان شەخسلەردۇر.

ساھابىلەر دەۋرى ھەققىدە يەنە شۇ نۇقتىنى تەكىتلەش كېرەككى، ئەرەبلەرنىڭ تارىختىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن «ئەييام ئەدەبىياتى» ئەنئەنىسىنىڭ بىر داۋامى سۈپىتىدە، قىسسەچىلەر رەسۇلۇللاھ ھاياتى ۋاقىتتىلا غازات، قوشۇن ئەۋەتىش قاتارلىق بەزى ۋەقەلەرنى ئاغزاكى شەكىلدە رىۋايەت قىلىشقا باشلىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ ئۇسلۇبى تارىخ يېزىقچىلىقىغىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

تابىئىنلار دەۋرىدە سىيەر ۋە مەغازى ھەققىدە ئىزدىنىش ۋە ئەمگەكلەر تېخىمۇ زور دەرىجىدە تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. بۇ دەۋرنىڭ سىيەر ۋە مەغازى ئالىملىرى رەسۇلۇللاھ دەۋرىگە تەۋە بەزى يازما ۋەسىقىلەر، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەسەرلەر ۋە ئۇلار ئۆزى ساھابىلەردىن بىۋاسىتە ئاڭلىغان مەلۇماتلارنى نەقىل قىلىشقا ۋە خاتىرىلەشكە باشلىدى. شۇنداق قىلىپ بۇ ساھەدىكى يازما تەتقىقات ۋە ئەمگەكلەر ھىجرەتنىڭ بىرىنچى ئەسىرىدە تېز تەرەققىي قىلدى. ئەمەۋىيلەرنىڭ ئاخىرى ۋە ئابباسىيلارنىڭ باشلىرىدا بۈيۈك ئەسەرلەر روياپقا چىقتى. بۇ ئىككى قاتلام ئارىسىدا ئۇرۋە بىلەن ئەبان مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇلارنىڭ دەۋرداشلىرىدىن سىيەر ۋە مەغازى بىلەن مەشغۇل بولغانلاردىن سەئىد ئىبنى مۇسەييەب (634 - 713)، ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى كەئىب ئىبنى مالىك ئەنسارىي (ۋاپاتى 715)، قاسىم ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇ بەكرى (657 - 725)، ئەبۇ ئەمر ئامىر ئىبنى شەراھىل شەئبى (ۋاپاتى 721)، شۇرەھبىل ئىبنى سەئىد (ۋاپاتى 740) ۋە ئەبۇ ئىسھاق ئىبنى ئەمر ئىبنى ئابدۇللاھ ھەمدانى (ۋاپاتى 745) قاتارلىق شەخسلەر باردۇر. ئۇلارنىڭ بىر

قىسمى مەغازى بىلەنلا مەشغۇل بولۇپ قالماستىن، ئەلمۇبتەدەئ (يارىتىلىش تارىخى) ۋە فەتىھلەر تارىخى بىلەنمۇ مەشغۇل بولغان.

مەغازى تېمىسىدىكى يازما ئەمگەكلەرنىڭ خىلىلا دەسلەپكى دەۋرلەردە ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى كۆرسىتىدىغان بىر مەلۇماتنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆرىمىز. 635 - 705 يىللىرى ئارىسىدا ئەمەۋىيلەرنىڭ خەلىپىسى بولغان ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋاننىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرىنىڭ قۇرئان ۋە سۈننەتتىنمۇ بەكرەك مۇتالىئە قىلىنىپ كەتكەن مەغازىغا ئالاقىدار بىر كىتابنى كۆيدۈرۈش ئەمرى بەرگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە بىز مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان يەنە بىر مەلۇماتنى 1972 - يىلى نەشر قىلىنغان زۇبەير ئىبنى بەككار (ۋاپاتى 870)نىڭ «ئەخبارۇل مۇۋەففەقىيەت» ناملىق ئەسىرىدىن نەقىل كەلتۈرىمىز:

سۇلايمان ئىبنى ئابدۇلمەلىك ھىجرەتنىڭ 82 - يىلى ھەج قىلىش يولىدا مەدىنىگە چۈشتى. ئاھالە ئۇنىڭغا سالامغا كەلدى. ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ناماز ئوقۇغان يەرلىرى ۋە ئۇھۇدتىكى ساھابىلەر شېھىت بولغان يەرلەرنى زىيارەت قىلدى. يېنىدا ئەبان ئىبنى ئوسمان، ئەمر ئىبنى ئوسمان، ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئەھمەدلەرمۇ بار ئىدى. ئۇنى قۇبا ۋە باشقا يەرلەرگە ئاپاردى. سۇلايمان ئىبنى ئابدۇلمەلىك بۇ يەرلەرنىڭ تارىخىنى سورايتتى، قېشىدىكىلەر ئۇنىڭغا جاۋاب بېرەتتى. زىيارەتلەردىن كېيىن سۇلايمان ئەبان ئىبنى ئوسمانغا ئۆزى ئۈچۈن رەسۇلۇللاھنىڭ سىيرىتىنى يېزىپ بېرىشنى ئەمىر قىلدى. بۇنىڭغا ئەبان مۇنداق جاۋاب بەردى: «بۇ ئەسەر مەندە بار، مەن ئىشىنىدىغان كىشىلەردىن بۇنى ئالدىم». سۇلايمان بۇنى ئاڭلاپ بۇ كىتابتىن ئۆزىگە بىر نۇسخا كۆچۈرۈپ بېرىشنى ئەمىر قىلدى ۋە بۇنىڭ ھەققىگە ئون كىتاب (كىتابنى كۆچۈرۈش ئۈچۈن ئون كاتىپ بەردى) بەردى. ئۇلار نېپىز تېرىلەرگە سىيەرنى يازدى. كۆچۈرۈلگەن نۇسخا سۇلايمانغا يەتكۈزۈلدى، سۇلايمان كىتابتىن ئەنسارلارنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ئەقەبە بەيئىتى ۋە بەدىر ئۇرۇشىدىكى ئەھمىيىتىنى كۆردى. ئۇ: «مەن ئەنسارلارنىڭ بۇ پەزىلەتلىرىنى بىلمەيتتىم. مېنىڭ ئائىلەم (بەنى ئۈمەييە) ئۇلارنى ھەقىر كۆرەتتى، (ئۇلارنىڭ نەزىرىدە) ئەنسارلار بۇنداق پەزىلەتلىك ئەمەس ئىدى» دېدى. بۇنىڭغا جاۋابەن ئەبان شۇنداق دېدى: «ئەي ئەمىر! ئۇلارنىڭ (ئەنسارلارنىڭ) مەزلۇم شېھىت (دادىسى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى دېمەكچى) ياردەمگە موھتاج چاغدا قىلغانلىرى بىزنىڭ توغرىنى سۆزلىشىمىزگە توسالغۇ ئەمەس. توغرىسى شۇكى، ئەنسارلار دەل كىتابىمىزدا بايان قىلىنغاندەك پەزىلەتلىك كىشىلەردۇر. ئەمىر بۇلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مەن بۇ ئەھۋالنى ئەمىرۇل مۇئمىنىنگە يەتكۈزگۈچە، بۇ كىتابقا ئېھتىياجىم چۈشمەيدۇ. بەلكى، ئۇ بۇنىڭغا قارشى چىقىشى مۇمكىن دېدى ۋە كىتابنى كۆيدۈرۈشكە ئەمىر قىلدى. ئەبان: «قايتىپ بارغان چېغىڭدا ئەمىرۇلمۇئمىنىندىن

سوراپ باق، ئەگەر قوشۇلۇپ قالسا بۇنى يەنە كۆچۈرۈش تەس ئەمەس» دېدى. سۇلايمان ئىبنى ئابدۇلمەلىك شامغا بارغاندا ئەباننىڭ سۆزلىرىنى دادىسىغا يەتكۈزدى. بۇنى ئاڭلىغان ئابدۇلمەلىك مۇنداق دېدى: «ئىچىدە بىزنىڭ پەزىلەتلىرىمىز (بەنى ئۇمەييە) يېزىلمىغان بىر كىتابقا سىنىڭ ئېھتىياجىڭ يوق. ئۇلار بىلگەن نەرسىلەرنى شاملىقلارنىڭ بىلىشىنى خالىمايمەن». سۇلايمان دادىسىغا مۇنداق دېدى: «ئەي ئەمىرۇل مۇئمىنىن! مەنمۇ دەل مۇشۇ سەۋەبتىن مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرىنىڭ قاراشلىرىنى ئۇقۇپ بولغۇچە كۆپەيتىلگەن كىتابنى كۆيدۈرۈشنى ئەمىر قىلغان ئىدىم». ئابدۇلمەلىك ئۇنىڭ قىلغىنىنى توغرا تاپتى.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈش مۇمكىنكى، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى ئەباننىڭ قولىدا ئۆزى يازغان بىر مەغازى كىتابى بار ئىدى. سۇلايمان مەدىنىگە كەلگەن ۋاقىتتا ئەبان مەدىنىنىڭ ۋالىسى ئىدى، كېيىن 702 - يىلى ۋالىيلىقتىن قالدۇرۇلدى. بەلكىم ئۇنىڭ قالدۇرۇلۇشى ئۇنىڭ يازغان كىتابى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى سۇلايمان ئۇنىڭ بىلەن مەدىنىدە 701 - يىلى كۆرۈشكەن.

ئەبان ئىبنى ئوسمان مەغازى ساھەسىدە بىر مەشھۇر كىشى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. ۋەھالەنكى، يەئقۇبى (ۋاپاتى 897)دىن باشقا ئۇنىڭدىن نەقىل ئالغان تارىخچىلار كۆپ ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا، مۇھەددىسلەرمۇ ئۇنىڭدىن ھەدىس نەقىل ئالغان. بۇنىڭدىن ئەباننىڭ ھەدىس ۋە مەغازى ئەسەرلىرى ئارىسىدىكى يۆتكىلىش باسقۇچىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر شەخس ئىكەنلىكىنى سۆزلەش مۇمكىن. بەزى مەنبەلەردە ئۇنىڭ مەغازىغا ئائىت كىتابى بارلىقى ۋە بۇ تېما بىلەن مەشغۇل بولغانلىقى تىلغا ئېلىنىش بىلەن بىرگە، يەنە بەزى ئىككىلىنىشلەرمۇ ئورۇن ئالغان.

زۇبەير ئىبنى بەككارنىڭ يۇقىرىدىكى رىۋايىتى بىزگە شۇنى ئوچۇق كۆرسىتىدۇكى، 701 - يىلىدىن بۇرۇن ئەبان ئىبنى ئوسمان مەغازىغا ئالاقىدار چوڭ بىر ئەسەرنى پۈتتۈرگەن. بۇ تابىئىن دەۋرىدىكى باشقا ئەسەرلەر بىلەن بىرلىكتە كۆزدە تۇتۇلغىنىدا، مەغازى ساھەسىدىكى يازما ئەمگەكلەرنىڭ ھەقىقەتەن تولىمۇ بالدۇرقى دەۋرلەردە ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى سۆزلەش مۇمكىن. ئەبان ئىبنى ئوسمان 713 -، 723 - يىللىرى ئارىسىدا ۋاپات بولغان.

تابىئىن دەۋرىدە توختىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر سىما ئۇرۋە ئىبنى زۇبەيردۇر. مەدىنىدىكى يەتتە فەقىھنىڭ بىرى بولغان ئۇرۋەنىڭ دادىسى جەننەت بىلەن خەۋەر بېرىلگەن ئون ساھابىنىڭ بىرى زۇبەير ئىبنى ئەۋۋامدۇر. ئانىسى بولسا ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى ئەسمادۇر. بەسرە ۋە مىسىرغا كەتكەن ئۇرۋە 712 - يىلى مەدىنىدە ۋاپات بولغان.

ئۇرۋە دادىسى زۇبەير، قېرىندىشى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير، ئانىسى ئەسما

رەزىيەللاھۇ ئەنھا، ھاممىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس، ئەبۇ ھۇرەيرە، زەيد ئىبنى سابىت، ئۇسامە ئىبنى زەيد، ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر، ئۇممۇ ھانى، ئەمرە قاتارلىق كاتتا ساھابىلەردىن رىۋايەت قىلغان.

ئۇ ھەزرىتى ئائىشە رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەرنى يازغان. ئۇرۋە 682 - يىلى ھەررە ئۇرۇشىدا ئۆزىنىڭ فىقھىگە ئالاقىدار كىتابلىرىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن.

ئۇرۋە تالىپلىرىغا ئوقۇتقان ھەدىسلەرنى يازغۇزاتتى. تالىپلىرى بىلەن يازغانلىرىنى بىللە مۇتالىئە قىلاتتى، سىلىشتۇراتتى. ئۇرۋە ھەم بىر شائىر ئىدى، ئەرەب شېئىرىيىتى، فىقھ، ھەدىس ۋە سۈننەتنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. مەغازى ۋە تارىخ مەنبەلىرىنى بىكىتىشتىمۇ يول باشلىغۇچىلارنىڭ بىرى بولغان ئىدى. ئۇرۋە خەلىپىلەر، ئەمىرلەر ۋە ئالىملارنىڭ مەغازى ھەققىدە تايىنىدىغان مۇھىم بىر نوپۇز مەنبەسى ئىدى. ئۇلار ئۇرۋەدىن ھەرخىل سوئاللارنى سورايتتى، ئۇرۋە ئۇلارغا يا ئاغزاكى، ياكى يازما شەكىلدە جاۋاب بېرەتتى. بۇ ئەھۋال ئۇنىڭغا پەيغەمبەرنىڭ غازاتلىرى ھەققىدە بىر ئەسەر يېزىشقا تۈرتكە بولغان ئىدى. ئۇرۋە مەغازى بىلەنلا ئەمەس، راشىد خەلىپىلەر تارىخى بىلەنمۇ مەشغۇل بولغان ئىدى. بۇ ساھەدە رىددەت (دىندىن يېنىۋېلىش) ۋەقەلىرى، يەرمۇق، قادىسسىيە ئۇرۇشى قاتارلىق ۋەقەلەرنىمۇ قەلەمگە ئالغان ئىدى.

خەلىپە ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان رەسۇلۇللاھنىڭ غازاتلىرىغا ئالاقىدار خىلمۇخىل مەسىلىلەرنى ئۇرۋەگە مەكتۇپ يوللاپ سورايتتى. ئۇرۋەمۇ ئۇنىڭغا مەكتۇپ بىلەن جاۋاب بېرەتتى. تەبەرى ئۇرۋەنىڭ ئابدۇلمەلىككە يازغان جاۋابلىرىنى ئۇزۇن بىر مەتىن شەكلىدە بىرىگىچە ئۇلاشتۇرغان.

يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇرۋە ئەمەۋىيلەرنىڭ خەلىپىسى ۋەلىد بىلەن ئۇنىڭ دوستى ئىبنى ئەبۇ ھۇنەيدەگە سىيەر ھەم مەغازى ھەققىدىكى سوئاللىرىغا مەكتۇپ بىلەن جاۋاب يازغان ئىدى. ئۇرۋەنىڭ ئابدۇلمەلىككە ئەۋەتكەن يازما جاۋابلار ئۇنىڭ ئوغلى ھىشام ئىبنى ئابدۇلمەلىك يولى بىلەن، ۋەلىد ۋە ھۇنەيدەگە يازغان جاۋابلىرى بولسا زۆھرى تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان. ئۇرۋەدىن رىۋايەت قىلىنغان بۇ مەكتۇپلار رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتىغا ئالاقىدار بىزگە يېتىپ كەلگەن ئەڭ بۇرۇنقى ۋە ئەڭ ساغلام مەتىنلەردۇر. بۇ مەتىنلەر ئۆز نۆۋىتىدە يەنە «ئىسلام تارىخچىلىقىنىڭ دەسلەپكى نەسرىي ئۆرنەكلىرى»نى تەشكىل قىلىدۇ.

ئۇرۋەنىڭ سىيەر ۋە مەغازى ھەققىدە مۇستەقىل بىر كىتاب يازغىنىنىمۇ بۇ يەردە ئىشارەت قىلىپ ئۆتىمىز. ۋاقىدى ئۇرۋە ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇرۋە فەقىھ، ئالىم، ساغلام بىر ھاپىز، ھۆججەت، سىيەر ئالىمى ۋە مەغازى ھەققىدە تۇنجى ئەسەرنى يازغان كىشىدۇر. ئۇنىڭ «مەغازى» ناملىق بىر ئەسىرىنىڭ بارلىقىنى ئىبنى نەدىم، زەھەبى، ئىبنى ھەجەر قاتارلىق ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئوچۇق رىۋايەتلەردىن كۆرەلەيمىز».

ئۇرۋەنىڭ خىلمۇخىل يوللاردىن بىزگە يەتكەن مەتىنلىرىدىكى مەغازىغا ئالاقىدار رىۋايەتلەرنى تەتقىق قىلغىنىمىزدا، ئۇنىڭ ئۇسلۇبىنىڭ ئوچۇق، جانلىق، باغلىنىشلىق، مۇبالىغە ۋە يېتەكلىمىلەردىن يىراق ۋە ھادىسىلەرنى بىر - بىرى بىلەن ئوبدان باغلىغىنىنى كۆرەلەيمىز. ئۇ قۇرئان ئايەتلىرىنى دەلىل سۈپىتىدە رىۋايەتلەر ئارىسىغا قىستۇرغانلىقىنى، ۋەقە، ھادىسىلەر ھەققىدە يېزىلغان شېئىرلارغىمۇ ئورۇن بەرگەنلىكىنى، ئىسمى زىكىر قىلىنغان شەخسلەرنىڭ نەسەبلىرىنىمۇ تىلغا ئالغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز.

ئۇرۋە ئىشەنچلىك (سىقە) بىر مۇھەددىستۇر. ئۇ رىۋايەتلىرىدە ھەدىس ئەھلىنىڭ ئۇسلۇبىغا ئەگەشكەن. ئۇ مەنسۇپ ئائىلە ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى رىۋايەتلەرنى ئەسلى مەنبەلىرىدىن ئېلىشقا ئىمكان بەرگەن. ئۇ ئاغزاكى رىۋايەتلەر بىلەن بىللە يازما ۋەسىقىلەرنى، رەسۇلۇللاھنىڭ باشقىلارغا ئەۋەتكەن مەكتۇپلىرىنىمۇ قوللانغان.

ئۇرۋەنىڭ ئەبۇ ئەسۋەد تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان «مەغازى»سىدە، سەنەدلەرنىڭ خېلىلا ئاز تىلغا ئېلىنغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ نۇقتا ئۇنى ئىسنادقا قارشى دەيدىغان گەپ - سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەب بولغان. بەزى تەتقىقاتچىلار ئۇنىڭ زامانىدا سەنەدنىڭ تېخى قوللىنىشقا باشلانمىغانلىقىنى، سەنەد ئۇسۇلىنىڭ ئۇرۋەدىن كېيىن مەيدانغا كېلىپ تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ھالبۇكى، ئەھۋال مۇنداق: ئۇرۋەنىڭ ئەسىرىدىن رىۋايەت قىلىنغان ئوخشاش بىر ھەدىس ئەگەر مەغازى ئۈچۈن نەقىل قىلىنغان بولسا سەنەدى تىلغا ئېلىنمىغان، ئەگەر ھەدىس سۈپىتىدە رىۋايەت قىلىنغان بولسا سەنەدى بىلەن قوشۇپ زىكىر قىلىنغان. ئۇرۋەنىڭ ئەسىرىنى مەغازى تېمىلىرىدا نەقىل قىلغان ئەبۇ ئەسۋەد سەنەدلىرىنى تىلغا ئالماستىن، بىۋاستە ئۇرۋەدىن ئالغانلىقىنى زىكىر قىلىش بىلەن كۇپايىلەنگەن. ئوخشاش ھەدىسنى ئەبۇ ئەسۋەدتىن بۇرۇنراق ۋاپات بولغان زۇھرى رىۋايەت قىلغان بولسا، ھەدىس مەتنىدىن بۇرۇن سەنەدىنى پۈتۈن قوشۇپ رىۋايەت قىلغان. بۇ ئەھۋال سىيەر ۋە مەغازى كىتابلىرىدا تېمىلارنىڭ ئارىسىدىكى باغلىنىشنى ئۈزۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، سەنەدلەرنىڭ تەرك ئېتىلىشى ياكى بىرلەشتۈرۈلۈشىدىن ئىبارەت بىر زۆرۈرىيەتتىن تۇغۇلغان. دېمەك، ئۇرۋە سەنەدكە قارشى دېگەن سۆزلەر توغرا ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، تارىخ ۋە مەغازى ئەسەرلىرىدە ئىسنادنىڭ مۇشۇ شەكىلدە قوللىنىلىشىنى كېيىنكى مۇئەللىپلەرمۇ داۋاملاشتۇرغان. بۇلارنىڭ ئەڭ مەشھۇرى ئىبنى ئىسھاقتۇر (ۋاپاتى 768).

ئۇرۋە سىيەر ساھەسىدىكى بۈيۈك شۆھرەت ئىگىلىرى ئىبنى شىھاب زۇھرى بىلەن مۇسا ئىبنى ئۇقبەگە ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتكەن. 741 - يىلى ۋاپات بولغان زۇھرى ئۇرۋەنىڭ رىۋايەتلىرىنى زىكىر قىلىش بىلەنلا كۇپايىلەنمەستىن، مەدىنىدىكى باشقا

خەۋەرلەر ۋە ھەدىسلەرنىمۇ توپلىغان ۋە ئاڭلىغانلىرىنى يازغان. ئوخشاش تېمىدىكى ھەرخىل رىۋايەتلەرنى يىغىنچاقلىغاندىن كېيىن، ئۇلارنى ساغلام ۋە كەڭ بىر رامكا ئىچىگە قويغان. بىزگە ئۇلاشقان ئەسەرلىرىگە قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ سىيەرگە مۇئەييەن بىر شەكىل بەرگەنلىكىنى، بۇ ئىلىم تارمىقىنىڭ چېگراسىنى خېلىلا ئوچۇق سىزغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. ئۇ ئاۋۋال رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىسلامدىن بۇرۇنقى بەزى مەلۇمات ۋە خەۋەرلەرنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن رەسۇلۇللاھنىڭ مەككىدىكى ھاياتىنى، ئاندىن ھىجرەت، غازاتلار ۋە مەككىنىڭ فەتھىنى ئورۇنلاشتۇرغان. ئۇ يەنە رەسۇلۇللاھ ئەۋەتكەن ئەلچىلەر، سىرتتىن كەلگەن ئەلچىلەر ۋە باشقا ھادىسىلەرگە، رەسۇلۇللاھنىڭ كېسەل بولۇشى ۋە ئالەمدىن ئۆتۈشى قاتارلىق ۋەقەلەرگە ئورۇن بەرگەن.

زۇھرى سىيەرگە ئالاقىدار خام ماتېرىياللارنى ھەدىسلەردىن ئالىدۇ ۋە ئۇنى ۋەقەلەرنىڭ تارىخىي تەرتىپى بويىچە ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا زۇھرى ئىسنادنىڭ ساغلاملىقى بىلەن شۆھرەت تاپقان بىر ئالىمدۇر. ئۇ تابىئىنلاردىن بىرسىنىڭ رىۋايىتىنى سەنەد ئۈچۈن كۇپايە كۆرگەن، بەزىدە سەنەدلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، داۋام قىلغان ھادىسىلەرنىڭ تارىخىغا ئەگىشىدۇ. زۇھرىنىڭ «مەغازى» ناملىق ئەسىرى ئابدۇررازاق (ۋاپاتى 759)نىڭ «مۇسەننەف» ناملىق ئەسىرىدە تالىبى مەئمەر ئىبنى راشىد (ۋاپاتى 826 م) نىڭ يولى بىلەن نەقىل قىلىنغان.

ئۇرۋە بىلەن زۇھرىنىڭ سىيەر ۋە مەغازى ساھەسىدىكى ئەمگەكلىرى مۇسۇلمانلاردا تارىخ يېزىقچىلىقىنىڭ تۇغۇلۇپ تەرەققىي قىلىش يولىنى يورۇتۇپ بەرگەن.

زۇھرىنىڭ دەۋرداشلىرى ۋە تالىپلىرى ئارىسىدا سىيەر ۋە مەغازى ھەققىدە بۈيۈك ئەسەرلەرنىڭ يېزىلغانلىقى مەلۇم. بۇ ئالىملار ئارىسىدا ئاسىم ئىبنى ئۆمەر قەتادە (ۋاپاتى737 م)، ئەبۇ ئىسھاق ئەمر ئىبنى ئابدۇللاھ سەبئىي (ۋاپاتى745م)، يەئقۇب ئىبنى ئۇتبە (ۋاپاتى 746م)، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ بەكرى (ۋاپاتى 747-752م)، يەزىد ئىبنى رۇمان (ۋاپاتى 747م)، مۇسا ئىبنى ئۇقبە (ۋاپاتى 758م)لار بىلەن بىللە، ئەسىرى دىگۈدەك پۈتۈن بىر ھالدا بىزگە ئۇلاشقان ۋە بۇ ساھەنىڭ ئەڭ مەشھۇر سىماسى بولغان ئىبنى ئىسھاق (ۋاپاتى 761م)نى تىلغا ئېلىش مۇمكىن.

بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇلئەھەد ھافىز





# ئەقىل ۋە ئۇنى ئىشلىتىش



مۇھەممەد يۈسۈپ

ئەقىل - ئىنساننىڭ ئويلاش، بىلىش، قارار قىلىش قۇدرىتى ۋە ئىقتىدارى دېگەنلىك بولۇپ، ئىنسانلارغا ئاتا قىلىنغان نېمەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر. ئىنسان ئەقلى بىلەن نېمىنىڭ ھەق، نېمىنىڭ باتىل ئىكەنلىكىنى، نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆزىنىڭ پايدا - زىيىنىنى بىلىدۇ. شەيئىلەرنى ئۆز ھەقىقىتى بويىچە بىلىش ئەقىل بىلەن بولىدۇ.

ئەقىل سەۋەبىدىن ئىنسان باشقا جانلىقلاردىن ئالاھىدە ھۆرمەتلىك ۋە قىممەتلىك بولۇپ پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئەقىل دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنىڭ يۈكلىنىشى ئۈچۈن شەرتتۇر. چۈنكى ئەقلى بولمىغان (ساراڭ) كىشىلەرگە دىنىي مەجبۇرىيەتلەر بۇيرۇلمايدۇ. نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ ياخشى - يامان ئەمەللىرىگە ساۋاب ياكى جازا يېزىلمايدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئەقلى پەرقلىق بولىدۇ، بەزى ئىنسانلارنىڭ ئەقلى ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىنى ۋە ھاۋايى - ھەۋىسىنى يوللۇق قىلىپ كۆرسىتىشتىن باشقىسىغا يارىمايدۇ. پەقەت ئەقلى ساغلام كىشىلەرلا ئەقلىنى جايىدا ئىشلىتەلەيدۇ، ئۇنى ئۆزىگە ۋە ئىنسانىيەتكە پايدىلىق ئىشلارغا قوللىنىدۇ.




ئاللاھ تائالا بىزگە ئاتا قىلغان بۇ ئەقىل دىنىنىڭ كۆرسەتمىسىگە مۇۋاپىق كەلگەندىلا ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرغان بولىدۇ. چۈنكى دىن ئاللاھ تائالادىن كەلگەن، ئەقىل ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان بولۇپ، ئىككىلىسى بىر مەنبەدىن كەلگەن. شۇڭا ساغلام ئەقىل بىلەن ھەق دىن چوقۇم بىر - بىرىگە مۇۋاپىقلىشىدۇ. گەرچە ئىنسان چەكلىك بىر ھايات ئۈچۈن يارىتىلغان بولسىمۇ، ئۇ مەڭگۈلۈك ھايات ئۈچۈن تەييارلانغان مەخلۇقتۇر. ئىنسان تەبىئىتى ئۇنى بۇ دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن قانغۇچە مەنپەئەتلىنىشكە قىزىقتۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئەقلى بولسا ئۇنى ئاخىرەتنىڭ مەڭگۈلۈك نېمەتلىرىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىشلەشكە ئۈندەيدۇ. شۇڭا بەزى ئۆلىمالار «ئاخىرەتلىكىنى ئۇنتۇپ، بۇ دۇنيالىق ئۈچۈنلا ئىشلەيدىغان ئادەم ساراڭدۇر. ئەگەر ئۇ ئىنسان ئەڭ يۇقىرىقى دەرىجىلىك دىپلومغا ئېرىشكەن بىرى بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىلمىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى زاكاۋەت دېيىلىدۇ، ئەقىل دېيىلمەيدۇ. چۈنكى كائىناتتىكى ئەڭ

چوڭ ھەقىقەتتىن، يارىتىلىشنىڭ غايىسىدىن ۋە ئاخىرەتتىن غەپلەتتە ھايات كەچۈرگەن ئىنسان ئەقىلسىز ئىنساندۇر» دېگەن.

ئىنساندىكى ھەربىر ئەزانىڭ مەلۇم ۋەزىپىسى بولغىنىدەك، ئىنساننىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىك ۋە ئەڭ قىممەتلىك ئەزاسى بولغان ئەقلىنىڭمۇ ئەلۋەتتە ۋەزىپىسى بار. ئەقىلنىڭ ۋەزىپىسى تەپەككۇر قىلىش ۋە ئويلاشتۇر. ھەقىقىي مېيىپ بىرەر ئەزاسى كاردىن چىققان ئىنسان ئەمەس، بەلكى ئەقلى كاردىن چىققان، يەنى ئەقلىنى ئىشلەتمىگەن ئىنساندۇر. ئەقىللىق ئادەملەر ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى بەختلىك قىلالايدۇ، چۈنكى ئەقىللىق ئادەملەر ھەربىر ئىشنى ئويلاپ قىلىدۇ ۋە توغرا بولغاننى قىلىدۇ. ئەقىلسىز ئادەملەر ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى بەختسىز قىلىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئۆزىنىڭ ھاماقەتلىكىدىن نۇرغۇن ئىشلارنى بۇزۇپ قويىدۇ. ئەقىل ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش كۆرىدىغان ئادەم ئاددىي تۇرمۇش ۋە چەكلىك كىرىم بىلەنمۇ ئۆزىنى ۋە ئائىلىسىنى بەختلىك ياشنىتالايدۇ. ئەقىل ۋە ھېكمەتتىن مەھرۇم قالغانلار باياشاتلىق تۇرمۇش ۋە ھېسابىنى ئالغىلى بولمايدىغان دەرىجىدىكى كۆپ مال - دۇنيا بىلەنمۇ بەختلىك بولالمايدۇ.

ئىسلام دىنىمىز ئەقىلنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا كۈچلۈك تەشەببۇس قىلغان دىن بولۇپ، ئەقلىنى ئىشلىتەلىگەن ئىنسان دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھۇزۇر - ھالاۋەتلىك ھاياتقا ئېرىشىدۇ. چۈنكى ئەقىللىق ئىنسان ئۆزىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى ۋە قىلماسلىقىقا تېگىشلىكلىرىنى بىلىدۇ ۋە شۇ بويىچە ئىش كۆرىدۇ. قۇرئان كەرىمدە ئەقىل ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر توغرۇلۇق كەلگەن ئايەتلەرنىڭ سانى مىڭدىن ئاشىدۇ. «أَفَلَا تَعْقِلُونَ» (ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟) دېگەن ئايەت 13 ئورۇندا بايان قىلىنغان. بۇنىڭدىن باشقا، ئەقىل ئىشلىتىشكە چاقىرغان ئايەتلەر ئونلىغان ئورۇندا كەلگەن. ئەقىل ئىشلىتىش ئۈچۈن بېرىلگەن نېمەت بولۇپ، ئۇنى ئىشلەتكەنلەر ئۆزىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك



ئىشلىرىنى توغرا شەكىلدە يولغا قويالايدۇ. ئەقلىنى ئىشلەتمىگەنلەر دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتىدۇ. قۇرئان كەرىمدە ئەقلىنى ئىشلەتمەيدىغانلار ھايۋانلار قاتارىدىن سانالغان. «إِنَّ شَرَّ الدَّوَابِّ عِنْدَ اللَّهِ الصُّمُّ الْبُكْمُ الَّذِينَ لَا يَعْقِلُونَ» (شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە جانلىقلارنىڭ ئەڭ يامىنى ئەقلىنى ئىشلەتمەيدىغان گاس – گاچىلاردۇر).

## ئەقلىنى ئىشلەتمىگەن ئەبۇ لەھەبنىڭ قىسسەسى

ئەبۇ لەھەب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىللىقىنى ۋە گۈزەل ئەخلاقىنى ھەممىدىن ئوبدان بىلەتتى، ئۇنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنىمۇ ئوبدان بىلەتتى. ئەمما ئۇ دۇنيالىقىنى دەپ ئاخىرەتلىكىنى سېتىۋەتكەن ئەخمەق ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە، ئەگەر قۇرەيش ئەرەبلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋەت قىلىۋاتقان بۇ يېڭى دىننى قوبۇل قىلىپ، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ دىنىنى ئىنكار قىلسا، ئەتراپتىكى ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ كېتىش سەۋەبلىك سودا - كارۋانلىرى مەككىگە كەلمەيدىغان بولۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ جان بېقىشى تەسلىشىپ قالاتتى. شۇڭا ئەبۇ لەھەب قاتارلىق قۇرەيش كاتتىلىرى بۇ يېڭى دىنغا جېنى بىلەن قارشى تۇرغان. بۇ ئۇچىغا چىققان ئەقىلسىزلىك ئىدى. چۈنكى ئۇ تېخى يېتىپ كەلمىگەن كېلەچەكنىڭ ۋەھىمىسى بىلەن ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىكىنى نابۇت قىلىۋەتكەن ئىدى. ئەبۇ لەھەبنىڭ ئەقلىنى ئىشلەتمىگەنلىكىنىڭ يەنە بىر مىسالى شۇكى، ئاللاھ تائالا ئەبۇ لەھەبنىڭ كاپىر پېتى ئۆلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ: ﴿تَبَّتْ يَدَا أَبِي لَهَبٍ وَتَبَّ. مَا أَغْنَىٰ عَنْهُ مَالُهُ وَمَا كَسَبَ. سَيَصْلَىٰ نَارًا ذَاتَ لَهَبٍ. وَامْرَأَتُهُ حَمَّالَةَ الْحَطَبِ. فِي جِيدِهَا حَبْلٌ مِنْ مَسَدٍ﴾ (ئەبۇ لەھەبنىڭ ئىككى قولى قۇرۇپ كەتسۇن! (ئەمەلىيەتتە) قۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا مال - مۈلۈكى ۋە ئېرىشكەن نەرسىلىرى ئەسقاتمىدى. ئۇ ئۇزاققا قالماي لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا كىرىدۇ. ئۇنىڭ ئايالىمۇ مەھكەم ئېشىلگەن ئارغامچا بىلەن ئوتۇننى بوينىغا باغلاپ يۇدۇگەن ھالدا (لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا) كىرىدۇ) دەيدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يەۋەتسىمۇ دەردى چىقمايدىغان ئەشەددىي دۈشمىنىگە ئايلانغان ئەبۇ لەھەب مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى توسۇش ئۈچۈن تۈرلۈك چارە - تەدبىر ۋە ھىيلە - مىكىرلەرنى ئىشلىتىشىنىڭ ئورنىغا، خالايىقنىڭ ئالدىغا چىقىپ: «مۇھەممەد مېنى مۇسۇلمان بولماي كاپىر پېتى ئۆلىدۇ ۋە دوزاخقا كىرىدۇ، دېيدى. گۇۋاھ بولۇڭلاركى، مەن مۇسۇلمان بولدۇم، نەتىجىدە دوزاخقا كىرمەيدىغان بولدۇم» دەپ يالغاندىن بولسىمۇ ئېلان قىلغان بولسا ئىدى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى «يالغانچى» دەپ تۆھمەت قىلىشقا ۋە ئىسلام دىنىغا زىيانكەشلىك قىلىشقا قادىر ئىدى. لېكىن ئۇ ئەقلىنى ئىشلەتمىدى، شۇنى پىلانلىيالمىدى. نەتىجىدە خۇددى «قۇرئان كەرىم» خەۋەر بەرگەندەك كاپىر پېتى ئۆلدى ۋە ئىسلامغىمۇ زىيان يەتكۈزەلمىدى.

## ئەقلىنى ئىشلەتكەن نۇئەيم ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىسسەسى

نۇئەيم ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كاتتا ساھابىلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇ ئەسلىدە غەتەفان قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى بولۇپ، مەدىنە ئىسلام دۆلىتىنى يىقىتىپ تاشلاش ئۈچۈن، قۇرەيش قەبىلىسى بىلەن بىرلىشىپ مەدىنىگە قاراپ ئاتلانغان. ئۇلار ئىچىدىن يەھۇدىيلار سىرتتىن قۇرەيش بىلەن غەتەفان قەبىلىلىرى بىرلىكتە ھۇجۇم قىلىشقا كېلىشكەن. ئەمما مەدىنىنىڭ ئەتراپىغا خەندەك كولانغانلىقتىن، ئۇلار مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرەلمەي، مەدىنىنى مۇھاسىرە قىلىپ ياتقان ئىدى. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە نۇئەيم ئىبنى مەسئۇد چېدىرىدا يېتىپ ئويغا چۆكىدۇ، ئۇ ئەقلىنى رەسمىي ئىشلىتىپ، ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ مۇنۇلارنى دەيدۇ:

«ئەي نۇئەيم! ئەپسۇس ساڭا. سېنى بۇ يەرگە نېمە ئېلىپ كەلدى؟ سەن نېمىشقا نەجد دېگەن ئاشۇ يىراق جايدىن مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلىشقا كەلدىڭ؟ سەن تارتىۋېلىنغان بىرەر ھەقنى قايتۇرۇپ ئېلىشقا كەلدىڭمۇ؟ ياق. سەن دەپسەندە قىلىنغان ئار - نومۇسنى قوغداش ئۈچۈن كەلدىڭمۇ؟ ياق. سەن پەقەتلا سەۋەبسىز ھالدا، باشقىلارغا ئەگىشىپ بۇ يەرگە كەلدىڭ.

ئەي نۇئەيم! سەن قانداقلارچە بۇ ياخشى ئادەمگە قىلىچ تەڭلىگىلى كەلدىڭ؟ ئۇنىڭ بىرەر يامانلىقىنى كۆردۈڭمۇ ياكى ئاڭلىدىڭمۇ؟ ئۇ كىشىلەرنى راستچىللىققا، ئادالەتكە، كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشقا، يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلاشقا، تۇغقانلارغا ياردەم قىلىشقا دەۋەت قىلىدىغان، پەزىلەتلىك زات تۇرسا، سەن نېمە سەۋەب بىلەن ئۇنىڭغا قارشى چىقىسەن؟ سەندەك ئەقىللىق بىر ئىنسان قانداقمۇ بۇ ئەقىلسىزلىقنى قىلىدۇ؟ قانداقمۇ بىگۇناھ كىشىلەرگە قارشى قىلىچ كۆتۈرىدۇ؟»

نۇئەيم ئىبنى مەسئۇدنىڭ ئۆزى بىلەن ئۆتكۈزگەن بۇ ئەقلىي مۇنازىرىسى ئۇنى ئىككى ئالەملىك سائادەت يولىغا ئېلىپ باردى. مەلۇمكى، نۇرغۇن كىشىلەر گەرچە ئۆزلىرى ھەق دىنغا قارشى تۇرىدىغان مۇشرىك ياكى كاپىر بولمىسىمۇ، ئەقلىنى ئىشلەتمىگەنلىكى، ئۆزى مەنسۇپ بولغان توپقا ۋە ھەقىقەتكە قارشى ئېقىمغا ئەگەشكەنلىكى ئۈچۈنلا كاپىرلىق ئۆلۈمىدە ئۆلىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئەقلىنى ئىشلىتىپ پايدا - زىياننى ئوبدان مۆلچەرلىگەن ۋە تەقلىدچىلىكتىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىل تەپەككۇر قىلغان بولسا، نەتىجە باشقىچە بولۇشى مۇمكىن.

نۇئەيم يۇقىرىقىلارنى ئويلاپ چىققاندىن كېيىن، كەسكىن بىر قارارغا كېلىدۇ ۋە ئۆز قوشۇنلىرىنىڭ ئارىسىدىن تۈن قاراڭغۇسىدا ئايرىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئالدىدا كۆرۈپ: «سەن نۇئەيم ئىبنى مەسئۇدقۇ؟ بۇ كېچىدە نېمىگە كەلدىڭ؟» دەيدۇ. نۇئەيم: «ھەئە، ئى

ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! مەن نۇئەيم ئىبنى مەسئۇد بولىمەن، شاھادەت ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغىلى كەلدىم» دەيدۇ ۋە شاھادەت ئېيتىدۇ. ئاندىن: «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! مەن ئىمان ئېيتتىم، بۇنى قەۋمىم بىلمەيدۇ، مېنى خالىغان ئىشقا بۇيرۇغايلا» دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سەن ئارىمىزدا بىرلا ئادەم. قەۋمىڭنىڭ يېنىغا قايتقىن ۋە قولۇڭدىن كەلسە بىرەر ئىش قىلغىن، چۈنكى ئۇرۇش دېگەن ھىيلىدۇر» دەيدۇ. شۇ ئاندا نۇئەيم ئەقلىنى شۇنداق بىر ئىشقا سالدۇكى، بارچە ئەقىل - پاراسىتىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا بەل باغلايدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «بولىدۇ، ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئاللاھ خالىسا ئۆزلىرىنى خۇشال قىلىدىغان ئەھۋالنى كۆرىلا» دەپ كېتىپ قالىدۇ.

نۇئەيم ئىبنى مەسئۇد ئەقلىنى ئىشلىتىش، تەپەككۇر قىلىش، ئۆزىدىن ئۆزى ھېساب ئېلىش ۋە كەسكىن قارار قىلىش ئارقىلىق ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلىش نىيىتىدىن يېنىپ، ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم قىلىدىغان ۋە ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋەتكەن بىر مۇئمىن بولۇپ تارىخقا قەيت قىلىندى.

نۇئەيم ئىبنى مەسئۇد غەتەفان قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى بولغانلىقى ئۈچۈن، مەدىنىدىكى يەھۇدىي قەبىلىلىرى بىلەنمۇ، مەككىدىكى قۇرەيش قەبىلىسى بىلەنمۇ ياخشى مۇناسىۋەتتە ئۆتكەن ۋە ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئېتىبارلىق بىرى ئىدى. نۇئەيم ئالدى بىلەن قۇرەيش قوشۇنىنىڭ چېدىرىغا بېرىپ ئۇلارغا: «يەھۇدىيلار مۇسۇلمانلار بىلەن بۇرۇن تۈزۈشكەن ئەھدىسىنى بۇزغانلىقىغا پۇشايمان قىلىۋاتىدۇ، ئۇلار مۇھەممەد بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ سېپىدا تۇرۇپ سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە سۆزىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن قۇرەيشنىڭ كاتتىلىرىدىن 70 كىشىنى مۇھەممەدكە ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە ۋەدە قىلدى. شۇڭا ئۇلار بىرئازدىن كېيىن، سىلەردىن گۆرۈ تەلەپ قىلىشقا ئادەم ئەۋەتىدۇ. ئۇلارغا تەلەپ قىلغان كىشىلىرىنى بەرمەڭلار. چۈنكى ئۇلارنى بەرسەڭلار، مۇسۇلمانلار دەرھال ئۆلتۈرىدۇ» دەيدۇ. قۇرەيش بۇ پىكىرنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە شۇنداق قىلىشقا كېلىشىدۇ. ئاندىن نۇئەيم يەھۇدىيلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلارغا: «قۇرەيش قوشۇنى ئۇرۇشتىن ۋاز كېچىدىغاندەك تۇرىدۇ، چۈنكى مۇھاسىرە ئۇزىراپ كەتتى، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى قىيىنلاشتى. ئەگەر ئۇلار ئۇرۇشتىن ۋاز كەچسە ياكى يېڭىلسە، ئۇلار ئۆز ۋەتىنىگە قاراپ تىكىۋېتىدۇ، ئەمما سىلەر مەدىنىدە قالىسىلەر، ئۇ چاغدا مۇھەممەد سىلەردىن قاتتىق ئىنتىقام ئالىدۇ. شۇڭا قۇرەيش قوشۇنلىرىنىڭ ئۇرۇشتىن قاچماسلىقىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كاتتىلىرىدىن 70 كىشىنى سىلەردە گۆرۈ قويۇشنى تەلەپ قىلىڭلار» دەيدۇ. يەھۇدىيلار: «ھەي نۇئەيم! راستىنلا ئاقىلانە مەسلىھەت بەردىڭ بىزگە، بىز چوقۇم شۇنداق قىلايلى» دېيىشىپ، ئۇنىڭغا

رەھمەت ئېيتىدۇ. نەتىجىدە، يەھۇدىيلار قۇرەيش قوشۇنلىرىنىڭ چېدىرىغا ئەلچى ئەۋەتىپ قۇرەيش كاتتىلىرىدىن 70 كىشىنى گۆرۈ قويۇشىنى، ئەگەر بۇنىڭغا ئۇنىمىسا، كېلىشىمنى بۇزۇپ، مۇسۇلمانلار تەرەپتە تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇنى ئاڭلىغان مۇشرىكلار قاتتىق غەزەپلىنىپ: «بىز بۇ ۋاپاسىز يەھۇدىيلارغا بىر تال ئارغامچىمۇ بەرمەيمىز» دېيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسى بۇزۇلىدۇ. شۇ ئارىدا قاتتىق بوران چىقىپ، قۇرەيش قوشۇنلىرىنىڭ چېدىرلىرىنى ئۆرۈپ تاشلايدۇ، ئوتلىرى ئۆچىدۇ، قازان - قوشۇقلىرى چېچىلىدۇ، ئاتلىرى قېچىشقا باشلايدۇ. ئاندىن قۇرەيش قوشۇنلىرى مۇھاسىرىنى بىكار قىلىپ مەككىگە قايتىدۇ.

## ئاقىلغا ئىشارەت

ئەقىللىق ئىنسانلارغا نېمىنىڭ ياخشى، نېمىنىڭ يامان، نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش يېتەرلىكتۇر. ئەمما ئەقىلسىزلەر ئۈچۈن بۇ كۇپايە قىلمايدۇ. مەسىلەن: سىز قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە مەلۇم بىر شەھەرگە سەپەر قىلماقچى بولۇپ يولغا چىققاندا، يولنىڭ بېشىدا «قار سەۋەبلىك بۇ يولنىڭ ئاخىرى توسۇلدى» دەپ يېزىلغان تاختىنى كۆرۈپ بۇ يولدىن قايتىسىز، ئەمما سىزنىڭ ئورنىڭىزدا بىرەر جانىۋار بولسا، ئۇ يولنى توسۇۋالغان قارنى كۆرمىگىچە توختىمايدۇ. ئەقىلسىز بەڭگى ئۆپكىسى كاردىن چىقمىغۇچە تاماكىنى تاشلىمايدۇ، ئەمما ئەقىللىق بەڭگى دوختۇرلارنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئاڭلاپ تاماكىنى دەرھال تاشلايدۇ. چۈنكى ئۇ ئەقلىنى ئىشلىتىدۇ.

## ئەقىل ۋە نەقىل

قۇرئان كەرىمدە ياكى سەھىھ ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان مەسىلىلەردىن بىرەرسىنى ئەقلىمدىن ئۆتمىدى، دەپ ئىنكار قىلغان ئادەم كاپىر بولىدۇ. شۇنىڭدەك، ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغان ئادەممۇ كاپىر بولىدۇ. چۈنكى ئىبلىس ئاللاھ تائالا خەۋەر بەرگەن ھەقىقەتلەردىن بىرەرسىنى ئىنكار قىلغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقانلىقتىن كاپىر بولۇپ كەتكەن. بەزى كىشىلەر ھېچ ئويلىماستىنلا، بىرەر ئايەت توغرۇلۇق «بۇ مېنىڭ كاللامدىن ئۆتمىدى» دېيدۇ، بەزىلەر «بۇ ئايەتتىكى ھۆكۈم ھازىرقى ئەسىرگە يارىمايدۇ» دېيدۇ. ئۇلارنىڭ ئەقلى دىننى مۇھاكىمە قىلىشقا يېتەمدۇ؟ ياق، ھەرگىز يەتمەيدۇ. چۈنكى ئەقىل چەكلىكتۇر.

## ئەقىلنىڭ چەك - چېگراسى

دىنىي مەسىلىلەردە ئەقىل ئۆزى يالغۇز مەنبە بولالمايدۇ. چۈنكى دىنىنىڭ مەنبەسى ئەقىل ئەمەس، نەقىلدۇر. خۇددى كۆز كۆرۈش ئۈچۈن يورۇقلۇققا موھتاج بولغاندەك، ئەقىل دىنىي مەسىلىلەرنىڭ ھەقىقىتىگە يېتىش ئۈچۈن نەقىلگە موھتاجدۇر. ئەڭ ئىشەنچلىك نەقىل قۇرئان كەرىم بىلەن سەھىھ ھەدىستۇر.

ئەقىل نەقىلنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيدۇ، چۈنكى نەقىل ئاساس، ئەقىل ياردەمچىدۇر. شۇڭا ئەقىلنىڭ ۋەزىپىسى ئالدى بىلەن نەقىلنىڭ راستلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا جەزم قىلىش، ئاندىن نەقىلنى چۈشىنىشتۇر.

## ئەقىللىقلار بىلەن ئەقىلسىزلەرنىڭ پەرقى

ئەقىللىق - ئەقلى بار، كاللىسى ئىشلەيدىغان، زېرەك، هوشيار ۋە ئۆتكۈر ئىنسان دېگەنلىكتۇر. «ئەقىللىق ئۆزىنى ئەيىبلەر، نادان دوستىنى ئەيىبلەر» (ماقال).

ئەقىلسىز - ئەقلى يوق، نادان ۋە ئەخمەق دېگەنلىك بولۇپ، ئەقلىنى ئىشلەتمىگەنلەر ئومۇمەن ئەقىلسىزلەر دېيىلىدۇ. «ئەقىلسىز دوستتىن ئەقىللىق دۈشمەن ياخشى» (ماقال).

ئەقىللىقلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئەۋزەللىكى شۇكى، ئۇلار ئۆز خاتالىقلىرىنى تەكرارلىمايدۇ، ئەينى خاتالىقنى قايتا سادىر قىلمايدۇ، ئۆز پىكرىنىڭ خاتالىقىنى بايقىغان هامان ئۇنى ئۆزگەرتىشتىن هېچ ئىككىلەنمەيدۇ. ئەمما ئەقىلسىزلەر ئۆز خاتالىقلىرىدىن ساۋاق ئالمايدۇ، خاتا پىكىرلىرىنى ئۆزگەرتمەيدۇ، باشقىلارنىڭ تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىشنى خالىمايدۇ.

**بەزى ئالىملار ئەقىللىقلار بىلەن ئەقىلسىزلەر هەققىدىكى پەرقلەرنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلغان:**

- ئەقىللىقلار بېشىغا كېلىشى مۇمكىن بولغان ئىشلار هەققىدە ئالدىن هازىرلىق كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، هېچقانداق ئىشتا گاڭگىراپ قالمايدۇ. ئەمما ئەقىلسىزلەر بىپەرۋالىق بىلەن ياشىغانلىقتىن، بېشىغا كەلگەن ئاددىي بىر مۇشكۈلنى يېڭىشتىمۇ گاڭگىراپ قالىدۇ. سىز ئەقىللىق بولۇڭ، باشقىلاردىن بىر قەدەم ئالدىدا تۇرۇڭ.



- ئەقىللىقلار ئۆتمۈشىدىن ئىبرەت ئالىدۇ، بىر خاتالىقنى قايتا تەكرارلىمايدۇ. ئەمما ئەقىلسىزلەر خاتالىقلىرىدىن ئىبرەت ياكى دەرس ئالمايدۇ، ئوخشاش خاتالىقنى نەچچە قېتىم تەكرارلايدۇ. سىز ئەقىللىق بولۇڭ، بىر خاتالىقنى قايتا قىلماسلىق ئۈچۈن تىرىشىڭ.

- ئەقىللىقلار هەرقانداق بىر مۇشكۈلنى يېڭىش ئۈچۈن كۆپلىگەن چارە - تەدبىرلەرنى تەييارلايدۇ، بۇ يولدا كۆپ خاتالاشسىمۇ، كۆپ تەجرىبىلەرنى هاسىل قىلىدۇ ۋە ئاخىرىدا مۇشكۈلنى ئەڭ ياخشى تەرىقىدە هەل قىلىدۇ. ئەمما ئەقىلسىزلەر بىر يولدىن باشقىسىنى بىلمەيدۇ، قىيىنچىلىققا يولۇققاندا چارىسىز قالىدۇ. سىز ئەقىللىق بولۇڭ، هەممە مۇشكۈلنى بىر خىل تەرىقىدە هەل قىلالايمەن دەپ ئويلىماڭ.

- ئەقىللىقلار پەرقلىق ئويلايدۇ، ئۇلار مۇشكۇلىنى ھەل قىلىشتا تەقلىدچىلىك ئادىتىدىن چىقىپ، مۇناسىپ ئۇسۇل بىلەن ئىش كۆرىدۇ. ئەمما ئەقىلسىزلەر تەقلىدچىلىكتىن قۇتۇلالمايدۇ ۋە مۇشكۇلىنى ھەل قىلالمايدۇ. سىز ئەقىللىق بولۇڭ، تەقلىدچىلىكتىن قۇتۇلۇڭ.



- ئەقىللىقلار ئۆزلىرىنىڭ كونا پىكىر، قاراشلىرىنى ئۆزگەرتىشكە جۈرئەت قىلالايدىغان كىشىلەردۇر. مەسىلەن: ئەنەس ئىبنى مالىك قاتارلىق ساھابىلەرنىڭ ۋە ئىمام شافىئىيدەك ئىماملارنىڭ بۇرۇن بەرگەن پەتىۋالىرىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بايقىغان ھامان مەزكۇر پەتىۋالىرىدىن يانغانلىقى بۇنىڭ مىسالى. ئەمما ئەقىلسىزلەر ئۆزلىرىنىڭ كونا پىكىر، قاراشلىرىنىڭ خاتا ئىكەنلىكى ئىسپاتلانسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭدا چىڭ تۇرىۋالىدۇ، ئۆز پىكىرىدىن قايتىشنى ئۆزىنىڭ ئابرۇيىنى چۈشۈرگەنلىك دەپ قارايدۇ. سىز ئەقىللىق بولۇڭ، قاتمال بولۇۋالماڭ.

- ئەقىللىق كىشىلەر تەلەيگە ئىشەنمەيدۇ، بەلكى تەلەينى ئۆزلىرى يارىتىدۇ، مۇناسىپ شارائىت تېپىلغان ھامان ئاتلىنىدۇ، پۇرسەت كۈتۈپ ياتمايدۇ. ئەمما ئەقىلسىزلەر ئۆزلىرىنىڭ تەلىيىنى كۈتۈشكە ئامراق كېلىدۇ. سىز ئەقىللىق بولۇڭ، تەلىيىڭىزنى ئۆزىڭىز يارىتىڭ.

- ئەقىللىقلارغىمۇ خۇددى باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاشلا نادىر پۇرسەتلەر كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ باشقىلاردىن پەرقى شۇكى، ئۇلار شۇنداق نادىر پۇرسەتلەرنىڭ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ ۋە ئىدىيە جەھەتتىن ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلىپ قويىدۇ. ئەمما ئەقىلسىزلەر ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە بولغانلىقتىن، بۇنداق نادىر پۇرسەتلەر ئۈچۈن تەييارلىق قىلمايدۇ. سىز ئەقىللىق بولۇڭ، تەييارلىقتا بولۇڭ، كەلگەن پۇرسەتنى قاچۇرماڭ.




- ئەقىللىقلار ئىنسانلارنىڭ پىكىر، قاراشلىرىنى، ھەتتا ئېتىقادىنى ئۆزلىرى ياشىغان جەمئىيەت ئاساسىغا قۇرىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار جەمئىيەت ۋە ئادەتلەر قويغان چەكلىمىلەرنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىدۇ. ئەمما ئەقىلسىزلەر تەقلىدچىلىكنىڭ كىشەنلىرىدىن قۇتۇلالمايدۇ. سىز ئەقىللىق بولۇڭ، مۇستەقىل پىكىر قىلىدىغان بولۇڭ.

- ئەقىللىقلار ئۆزلىرىنىڭ ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، باشقىلارغا ئۇنىڭ بىلەن پەخىرلەنمەيدۇ، ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى ئۆزلىرىگە دۈشمەن قىلىۋالمايدۇ. ئەمما ئەقىلسىزلەر ئۆزلىرىنى ئەقىللىق سانايدۇ، ئەقىللىقلارنىڭ تەكلىپىنى

قوبۇل قىلمايدۇ، نەتىجىدە زىيان تارتىدۇ. سىز ئەقىللىق بولۇڭ، ئۆزىڭىزنىڭ ئەقىللىق ئىكەنلىكىڭىزنى چاندۇرماڭ.

- ئەقىلسىزلار ھېسسىياتقا تايىنىپ قارار چىقارمايدۇ، ئۇلار غەزەپلەنگەن ياكى ئىنتىقام تۇيغۇسىدا بولغان ۋە ياكى بېسىم ھېس قىلغان چاغدا بىرەر ئىشقا ھۆكۈم قىلىشنىڭ ياكى قارار چىقىرىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار بۇنداق ۋاقىتلاردا قارار چىقىرىشنى ۋە ھۆكۈم قىلىشنى كېچىكتۈرىدۇ. ئەمما ئەقىلسىزلەر بىر لەھزىلىك ئاچچىق ۋە نەپرەت سەۋەبلىك ئۆمۈر بويى پۇشايمانغا قالىدىغان ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىپ قويىدۇ. سىز ئەقىللىق بولۇڭ، ئىشلارغا ۋە كىشىلەرگە ئالدىراپ ھۆكۈم قىلىشتىن ساقلىنىڭ.



- ئەقىلسىزلار ئۇقۇش، ئۆگىنىشتىن توختاپ قالمايدۇ، ئۇلار كۆپ بىلىشنىڭ كۆپ پۇرسەتلەرگە ۋە كۆپ ئەۋزەللىكلەرگە ئېرىشىش ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئۇلار ھەر كۈنى بىرەر يېڭى نەرسە ئۆگىنىشنى قولدىن بەرمەيدۇ. ئەمما ئەقىلسىزلەر ئۆزلىرىنى ھەممىنى بىلىدىغان كىشىلەر دەپ ئويلايدۇ ۋە ئۆگەنمەيدۇ. سىز ئەقىللىق بولۇڭ، ئۆگىنىشنى كۈندىلىك ئادىتىڭىزگە ئايلاندۇرۇڭ.

- ئەقىللىقلارمۇ خۇددى باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاشلا راھەتنى ياخشى كۆرىدۇ، كۆڭۈل ئېچىشنى سۆيىدۇ. لېكىن ئۇلار قاچان ۋە قانداق چاغدا راھەتلىنىشنى بىلىدۇ، ئۆزىنىڭ شەخسىي راھىتىنى قىلىدىغان مۇھىم ئىشلىرىغا توسقۇن قىلىۋالمايدۇ، نۆۋەتتىكى ئىشلىرىنى مۇكەممەل ئادا قىلماي تۇرۇپ ئارام ئالمايدۇ. ئەمما ئەقىلسىزلەر قايسى ئىشنى قاچان قىلىش كېرەكلىكىنى ۋە قايسى ئىشنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. سىز ئەقىللىق بولۇڭ، ھاياتتىكى مۇھىم ئىشلىرىڭىزنى ئۆزىڭىزنىڭ راھىتىڭىز ئۈچۈن قۇربان قىلماڭ.

بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى:
دوكتور ئابدۇسسالام تەكلىماكانى

# ئىسلام ۋە ئۇنىڭ ئۇنىۋېرساللىقى



تاھىرجان ئابباس

ئىسلام دىنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە كېلىپ ئۆتكەن پۈتۈن ھەق پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ ماھىيىتىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بىردىنبىر توغرا ۋە ھەق دىندۇر. «ئىسلام» دېگەن ھامان پۈتۈن ھەق دىنىنىڭ ئەسلى ھالىتى ۋە ماھىيىتى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. شۇڭا، نۇھ، ئىبراھىم، مۇسا ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالاملارغا ئوخشىغان پۈتۈن پەيغەمبەرلەر بىزنىڭمۇ پەيغەمبەرلىرىمىزدۇر. بۇ پرىنسىپ بويىچە بولغاندا، قۇرئان كەرىمنىڭ ئال ئىمران سۈرىسى 81 - ئايىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغىنىدەك، ئەينى ۋاقىتتا جانابىي ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلەردىن ۋەدە ئېلىش ھادىسىسى بارچە پەيغەمبەرلەر دەۋەت قىلغان دىنىنىڭ كېلىش مەنبەسىنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن باشلانغان دىن ئەمەس، بەلكى ئۇ زات بىلەن تاكامۇللاشقان ئۇنىۋېرسال بىر دىنىنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. شۇنىڭدەك، جانابىي ئاللاھ ئەۋەتكەن پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ رىسالەت ۋەزىپىسىنىڭ تەقەززاسى ئۆزىدىن كېيىن كېلىدىغان پەيغەمبەرلەرنى تەستىقلاش ۋە ئۇنىڭ كېلىشىدىن خەۋەر بېرىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. كۆپىنچە مۇپەسسىر ۋە فەقىھلەرنىڭ سۆزىگە ئاساسلانغاندا، ئۆز ۋاقتىدا خۇددى پەيغەمبەرلەردىن ۋەدە ئېلىنغىنىدەك، شۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۇممەتلىرىدىنمۇ ئۆز پەيغەمبەرلىرىدىن كېيىن كېلىدىغان پەيغەمبەرلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئېلىپ كېلىدىغان كىتابلىرىنى تەستىقلاش ھەققىدە ۋەدە ئېلىنغان. يەنە بىر قاراشقا ئاساسلانغاندا، جانابىي ئاللاھ ھەر بىر پەيغەمبەردىن ئاخىرقى زامان پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىشىدىن خەۋەر بېرىش ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنىشكە ۋەدە ئالغان. شۇڭىمۇ قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەردىن بىرىنى ئىنكار قىلغانلىق پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىق پرىنسىپى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. چۈنكى بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئالتۇن زەنجىرنىڭ ھالقىلىرىدەك بىر - بىرىگە تۇتاش، بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە، بىر ئائىلىگە مەنسۇپ مۇبارەك زاتلاردۇر. شۇنىڭ

ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ بىر سۆزىدە: «الْأَنْبِيَاءُ إِخْوَةٌ مِنْ عَلَّاتٍ، وَأُمَّهَاتُهُمْ شَتَّى، وَدِينُهُمْ وَاحِدٌ» (پەيغەمبەرلەر دادا بىر، ئانا باشقا ۋە بىر دىنغا مەنسۇپ قېرىنداشلاردۇر) دېگەن.

ئىمام ئىبنى قەييىم جەۋزى ئۆزىنىڭ «بدائع الفوائد» (كەم ئۇچرايدىغان پايدىلار) ناملىق كىتابىدا بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ بۇ ھەدىسىدە پۈتۈن پەيغەمبەرلەر تەبلىغ قىلغان دىنىنىڭ مەنبەسى بىر، لېكىن شەرىئەت مەسىلىلىرى پەرقلىق ئىكەنلىكىنى ئاتىلىرى بىر، ئانىلىرى باشقا - باشقا بىر ئائىلە ئەۋلادلىرىغا ئوخشىتىش ئارقىلىق ئىنتايىن ئىخچام ۋە ئىستىلىستىكىلىق ھالدا ئۇممىتىگە چۈشەندۈرۈپ بەرگەن. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇلارنىڭ ئېلىپ كەلگەن شەرىئىتى ماكان، زامان ۋە شەرت - شارائىت تۈپەيلى بىر قىسىم پەرق ۋە ئوخشاشماسلىقلارغا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش، ئۇنىڭغا مەخلۇقاتنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، پەيغەمبەرلەرگە، ساماۋى كىتابلارغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىشتەك ئاساسلىق مەسىلىلەردە ھەممىسى بىردەكلىككە ئىگە».

ئاخىرقى پەيغەمبەر ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن ئىسلامىيەتنىڭ يەھۇدىيلىق ۋە خرىستىيانلىقتىن ئىبارەت بۇ ئىككى دىن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە توختالغىنىمىزدا، ئالدى بىلەن مەسىلىنى قۇرئان كەرىمدىكى ھەقىقەتتى بويىچە ئانالىز قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئەئراف سۈرىسى 157 - ئايىتىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسلانغاندا، ھەر پەيغەمبەر ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنى ۋە ھەر كىتاب ئۆزىدىن بۇرۇن نازىل قىلىنغان كىتابلارنى تەستىقلاپ كەلگەن، يەنى ئىنجىل تەۋراتنى، قۇرئان كەرىم تەۋرات ۋە ئىنجىلنى، شۇنىڭدەك بۇرۇن چۈشۈرۈلگەن پۈتۈن ئىلاھىي كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى تەستىقلاپ كۈچلەندۈرگەن.

ئەمما بۇ نۇقتىدا شۇ سوئال كاللىمىزغا كېلىشى مۇمكىن: ئىلاھىي كىتابلار ئارىسىدا مەۋجۇت بىر - بىرىنى تەستىقلاپ كۈچلەندۈرۈش ھەقىقىتى كېيىن كەلگەن كىتابنىڭ ئىلگىرى كەلگەن كىتابنى ئۆزگەرتىۋەتمەي يېتىلىشى دېگەنلىك ئەمەسمۇ؟ كېيىن كەلگەن كىتاب ئىلگىرى كەلگەن كىتابنىڭ ھۆكمىنى ئۆزگەرتىۋەتسە، بۇنى بىر - بىرىنى تەستىقلاپ كۈچلەندۈردى، دېيىشكە بولامدۇ؟ بۇنىڭ ھەقىقىتى نېمە ۋە بۇنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

دۇرۇس، «ئىنجىل»ۋە «تەۋرات»نىڭ بىر قىسىم ھۆكۈملىرىنى ئۆزگەرتىپ كەلگەن. قۇرئان كەرىمدە بۇرۇنقى كىتابلاردىكى بەزى ھۆكۈملەرنىڭ ئەكسىچە پۈتۈن پاك يېمەكلىكلەر ھالال، ناپاك نەرسىلەر ھارام قىلىنغان. شۇنىڭدەك، قۇرئان كەرىمدە ئىنسانلارنىڭ زىممىسىدىكى ئېغىر ۋەزىپە، ئېغىر ئەمر - پەرمان ۋە بىر قىسىم چەكلىمىلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن ئايەتلەر روشەن بايان قىلىنغان بولسا، يەنە

نۇرغۇن ھۆكۈملەرنى ۋە ئەخلاقىي پرىنسىپلارنى كۈچلەندۈرۈپ كەلگەن ئايەتلەر زىكىر قىلىنغان. قانداقلا بولمىسۇن، بۈگۈنكى كۈندىكى يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارنىڭ قولىدىكى «تەۋرات» ۋە «ئىنجىل» مۇسا ۋە ئىيساغا ئەلەيھىسسالاملارغا نازىل قىلىنغان تەۋرات ۋە ئىنجىلدىن تامامەن پەرقلىق بولسىمۇ، لېكىن بۇ كىتابلارغا ئائىت بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ كەلگەن بىرمۇنچە ئېغىزچە رىۋايەتلەرنى ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن: مۇسا ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن شەرىئەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەخلاقىي قائىدە - پرىنسىپلارغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇسلۇب جەھەتتىكى بەزى ئوخشىماسلىقنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مەزكۇر پرىنسىپلارنىڭ قۇرئان كەرىمدىمۇ ئوخشاش بايان قىلىنغانلىقىنى كۆرىمىز. تەۋراتنىڭ چىقىش كىتابى 20 - بابىدا بايان قىلىنغان مەشھۇر «ئون پەرمان»، شۇنىڭدەك مەتتا ئىنجىلىنىڭ بەشىنچى بابىدا بايان قىلىنغان ھەزرىتى ئىيسانىڭ «تاغدىكى نەسىھەت»ى قاتارلىق پەرمانلار تەۋرات ۋە ئىنجىلدا تولۇق شەكىلدە بايان قىلىنغان بولسا، قۇرئان كەرىمدە مەككە ۋە مەدىنىدە نازىل بولغان سۈرىلەردە تارقاق ھالدا ۋە ئېھتىياج بولغان زامانلاردا مەسىلىلەرنى ھەل قىلغۇچى بىرەر ھۆكۈم شەكلىدە بايان قىلىنغان.

**تەۋراتتا بايان قىلىنغان شەنبە كۈنىدىكى پەرماندىن باشقا توققۇز پەرمان تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:**

**1. مەندىن باشقا ئىلاھلىرىڭ بولمىسۇن.**

**2. ئۆزۈڭ ئۈچۈن بۇت ياسىما ۋە ئۇلارغا سەجدە قىلما.**

**3. رەببىڭنىڭ ئىسمىنى نالايىق يەرلەردە ئېغىزىڭغا ئالما.**

**4. ئاتا ـ ئاناڭغا ھۆرمەت قىل.**

**5. قاتىللىق قىلما.**

**6. زىنا قىلما.**

**7. ئوغرىلىق قىلما.**

**8. قوشناڭغا قارشى يالغان گۇۋاھلىق بەرمە.**

**9. قوشناڭنىڭ ھېچنېمىسىنى تەمە قىلما.**

دېمەك، بۇ مەسىلىلاردىن شۇنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇرۇنقى ئىلاھىي شەرىئەتلەردە ئۇنتۇلغان ھۆكۈم ۋە ئەمىر - پەرمانلارنى كېيىنكى شەرىئەت ئۇنىڭ ئۆزىنى ياكى ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوخشاش مەزمۇن ۋە ئۇقۇمنى ئەسلىتىپ كەلگەنلىكى بىر ھەقىقەت. ئەمما، شۇ ۋە يا بۇ تەرىقىدە كېيىنكى ئىلاھىي كىتابنىڭ ئىلگىرىكى كىتابتىكى بەزى ھۆكۈملەرنى ئۆزگەرتىشى ياكى كېيىنكى كىتابنىڭ ئالدىنقى كىتابنى تامامەن ئەمەلدىن قالدۇرۇشىنى ئۇ كىتاب ياكى ئۇ كىتابتا بايان قىلىنغان ھۆكۈملەرنى تامامەن ئىنكار قىلىش دېگەن ئۇقۇمدا چۈشىنىش توغرا ئەمەس. چۈنكى بۇرۇنقى ئىلاھىي كىتابلاردا بەزى نەرسىلەرنىڭ ھارام

ياكى ھالال قىلىنىشى شۇ زاماندىكى شارائىت ئېھتىياجى بىلەن يولغا قويۇلغان ھۆكۈم ۋە پرىنسىپلاردىن ئىبارەت. شەرت ـ شارائىت ئۆزگىرىپ، چەكلىك مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى زامان ۋە يېڭى شارائىتقا مۇناسىپ، پايدىلىق ھۆكۈم ۋە پرىنسىپلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ئەسلىدە پۈتۈن ھەق دىنلارنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپى ئېتىقادىي ۋە ئىجتىمائىي دەپ ئىككى كاتېگورىيەگە ئايرىلىدۇ. ئېتىقادى پرىنسىپ دېگەندە جانابى ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىدىن ئىبارەت تەۋھىد پرىنسىپى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. تەۋھىد زامان ۋە ماكاننىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئەسلا ئۆزگەرمەيدىغان ۋە پۈتۈن ھەق دىنلەرنىڭ ئورتاق پرىنسىپال ئانا كاتېگورىيەسىدىن ئىبارەت تۈپكى مەسىلىدۇر. ئىجتىمائىي پرىنسىپ دېگىنىمىزدە شەرىئەت قىسمى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ خىل شەرئىي ھۆكۈملەر مەلۇم مۇددەت ۋە مۇئەييەن زامانغىچە كۈچكە ئىگە ھۆكۈملەر بولۇپ، بۇ ھۆكۈملەرنىڭ زامانى توشقاندا ھۆكمى ئەمەلدىن قالىدۇ. ئورنىغا كېيىن يولغا قويۇلغان شەرىئەت، شۇ زاماندىكى شەرت ـ شارائىتقا مۇناسىپ ھۆكۈملەرنى ئېلىپ كېلىدۇ.

پۈتۈن ھەق دىنلاردا مەزكۇر ئىككى خىل پرىنسىپنىڭ تېپىلىشى زۆرۈردۇر. چۈنكى رېئاللىق ئالىمىمىزدىمۇ ھەرقانداق بىر دۆلەت، جەمئىيەت ياكى مۇئەسسەسەلەشكەن ئورگانلارنىڭ ئۆزىگە خاس بىر قىسىم ئۆزگەرمەس ئاساسى قانۇنى بولغىنىدەك، ۋاقىتلىق ۋە ئۆزگىرىشچان قارارنامىلىرىمۇ بولىدۇ. ئۆزگەرمەس ئاساسى قانۇن بىلەن دۆلەتنىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىنى قوغداش مەقسەت قىلىنغان بولسا، ئىككىنچى خىل ئۆزگىرىشچان قارارنامىلەر ئارقىلىق دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى، خەلقنىڭ پاراۋان ۋە ھاللىق سەۋىيەگە كۆتۈرۈلۈشى مەقسەت قىلىنىدۇ.

ھەق دىنلاردا بۇ ئىككىنچى خىل ھۆكۈمنىڭ يولغا قويۇلۇشى، باشتا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىنسانىيەت



جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچىغا، مىللەت ۋە خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ماس ھالدا بەلگىلەنگەن ئىلاھىي قانۇن ۋە شەرئىي ھۆكۈملەردىن ئىبارەتتۇر. مەسىلەن: تەۋراتتا كۆرسىتىلگەن شەرىئەتتە «ئادەم ئۆلتۈرمە، ئوغرىلىق قىلما، زىنا قىلما» دېگەندەك پەرمانلاردا ھوقۇقنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىنى، ئادالەت ۋە ھوقۇقتا باراۋەرلىك پىرىنسىپلىرىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىنىڭ تەلەپ قىلىنغانلىقىنى كۆرىمىز. تەۋراتتىن كېيىن كەلگەن ئىنجىلغا قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ تەۋراتتىكى ئەخلاقتا ئالاقىدار ھۆكۈملەرنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىرلىكتە تولۇقلىغۇچى يېڭى ھۆكۈملەرنى ئىلاۋە قىلىپ كەلتۈرگەنلىكىنى كۆرىمىز. مەسىلەن: سەن قوشناڭنى ياخشى كۆرگىن ۋە دۈشمىنىڭدىن نەپرەتلەنگىن دېيىلگەنلىكىنى ئىشىتتىڭىز. ئەمما مەن سىزگە دەيمەنكى، «دۈشمىنىڭىزنى ياخشى كۆرۈڭ ۋە سىزگە ئەزىيەت بەرگەنلەرگە دۇئا قىلىڭ» شۇنىڭدەك، «يامانغا يامانلىق قىلماڭ، بىرسى سىزنىڭ ئوڭ تەرىپىڭىزگە ئۇرسا، ئۇنىڭغا سول تەرىپىڭىزنى تۇتۇپ بېرىڭ» دېگەنگە ئوخشاش ئەخلاققا ئالاقىدار ھۆكۈملەرنى ئۇچرىتىمىز. بۇ ئېتىبار بىلەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىنجىلدا ئومۇمىي شەكىلدە كەڭ قورساق بولۇش، مەرھەمەتلىك بولۇش ۋە باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشقا ئوخشىغان بىر تۈركۈم ئەخلاقىي پىرىنسىپلار ئىلگىرى سۈرۈلگەن.

ئەمدى پۈتۈن ساماۋى كىتابلارنىڭ جەۋھىرى ۋە خۇلاسىسى بولغان مۇقەددەس دەستۇرىمىز قۇرئان كەرىمگە نەزەر سالىدىغان بولساق، قۇرئان كەرىم تەۋرات ۋە ئىنجىلنىڭلا ئەمەس، بەلكى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە كېلىپ ئۆتكەن پۈتۈن پەيغەمبەرلەر تەرىپىدىن يەتكۈزۈلگەن شەرىئەت ۋە ئۇلارغا نازىل قىلىنغان كىتاب ۋە سەھىپىلەرنىڭ خۇلاسىسىنى ئۆزىدە جەملەپ،جەۋھىرىنى يىغىپ، ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىي قىلغان ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان مەدەنىيەت ۋە ئاڭ - سەۋىيەسىگە جاۋاب بېرەلەيدىغان، زامان ۋە ماكانغا باغلىنىپ قالمايدىغان ئۇنىۋېرسال ئورتاق پىرىنسىپلارنى ئېلىپ كەلگەن. مەسىلەن: «ئاللاھ ھەقىقەتەن (كىشىلەر ئارىسىدا) ئادىل بولۇشقا، (جىمى خەلققە) ياخشىلىق قىلىشقا، خىش - ئەقرىبالارغا سىلە-رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، قەبىھ (سۆز - ھەرىكەتلەر) دىن، يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ. نەسىھەتنى قوبۇل قىلسۇن دەپ، ئاللاھ سىلەرگە پەند - نەسىھەت قىلىدۇ»، «بىر يامانلىقنىڭ جازاسى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر يامانلىقتۇر (يەنى ساڭا بىر كىشى قانچىلىك چېقىلسا، شۇنچىلىك چېقىلماي ئاشۇرۇۋەتسەڭ بولمايدۇ)، كىمكى (ئىنتىقام ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئەپۇ قىلسا ۋە (ئۆزى بىلەن يامانلىق قىلغۇچىنىڭ ئارىسىنى) تۈزىسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى ئاللاھ بېرىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن زۇلۇم قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ. زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى ئادەم ئىنتىقامنى

ئالسا ئۇنى ئەيىبلەشكە بولمايدۇ. ئەيىبلىنىدىغانلار پەقەت كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىدىغان، زېمىندا ناھەق رەۋىشتە پىتنە - پاسات تېرىيدىغان ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. كىمكى (ئەزىيەتكە) سەۋر قىلسا، (ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) ئىنتىقام ئالمىسا، بۇ ئەلۋەتتە مەرغۇپ ئىشلاردىندۇر»، «ئەگەر (ئۆزۈڭلارغا يەتكەن زىيان - زەخمەت ئۈچۈن) ئىنتىقام ئالماقچى بولساڭلار، ئۆزۈڭلارغا يەتكەن زىيان - زەخمەت قانچىلىك بولسا، شۇنچىلىك ئىنتىقام ئېلىڭلار (يەنى ئاشۇرۇۋەتمەڭلار)، ئەگەر سەۋر قىلساڭلار (يەنى ئىنتىقام ئالماي كەچۈرسەڭلار)، بۇ سەۋر قىلغۇچىلار (يەنى كەچۈرگۈچىلەر) ئۈچۈن (ئەلۋەتتە) ياخشىدۇر»، «ئى مۆمىنلەر! ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن قىساس ئېلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى، ھۆر ئادەم ئۈچۈن ھۆر ئادەمدىن، قۇل ئۈچۈن قۇلدىن، ئايال ئۈچۈن ئايالدىن قىساس ئېلىنىدۇ. قاتىل ئۈچۈن (دىنىي) قېرىندىشى تەرىپىدىن بىرنەرسە كەچۈرۈم قىلىنسا (يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسى قاتىلدىن دىيەت ئېلىشقا رازى بولۇپ قىساس ئېلىشتىن ۋاز كەچسە، ئۇ، جىنايەتچىدىن دىيەتنى) چىرايلىقچە تەلەپ قىلىشى لازىم، (جىنايەتچىمۇ دىيەتنى) ياخشىلىقچە (يەنى كېچىكتۈرمەستىن، كېمەيتىۋەتمەستىن تولۇق) بېرىشى لازىم. بۇ (ھۆكۈم) رەببىڭلار تەرىپىدىن (سىلەرگە بېرىلگەن) يېنىكلىتىشتۇر ۋە رەھمەتتۇر. شۇنىڭدىن كېيىن (يەنى دىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن)، چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن (يەنى قاتىلنى ئۆلتۈرگەن) ئادەم قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ» دېگەن ئايەتلەردە، تەۋرات ۋە ئىنجىلدىكى ھۆكۈملەرنىڭ خۇلاسىسى ئەڭ مۇكەممەل يوسۇندا تەقدىم قىلىنغان. شۇنىڭدەك، تەۋراتنىڭ «قانغا قان» دېگەن ئادالەت پرىنسىپى بىلەن، ئىنجىلنىڭ «كەڭ قورساق ۋە ئەپۇچان بولۇش» دېگەن رەھىمدىللىك تەشەببۇسلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ بايان قىلىنغان.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قىساس ئايىتىدە، ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى قىساس تەلەپ قىلسا، قاتىلغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىش بىلەن ئادالەت يولغا قويۇلغان. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەگەر ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ۋەلىي، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى دىيەت - خۇن ھەققىگە رازى بولسا، قاتىلغا قىساس ئىجرا قىلىنمايدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. مانا بۇ ئاسانلىق ۋە رەھمەتتۇر. بۇنىڭدىن باشقا يەنە قۇرئان كەرىمدە قانچىلىغان يېڭى ھۆكۈم ۋە پرىنسىپلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

يۇقىرىدىكى مىساللاردىن شۇ مەلۇم بولىدۇكى، پۈتۈن ئىلاھىي شەرىئەتلەر ھەممىسى ئۆز دەۋرىدە توغرىدۇر، ھەممىسى بىر - بىرىنى تەستىقلاپ توغرىلىغۇچىدۇر. بىراق بۇ توغرىلاش ئىككى قىسىم بولىدۇ: بىرى، ھۆكۈمنىڭ كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش بىلەن توغرىلاش (يەنى ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرماستىن توغرىلاش). يەنە بىرى بولسا، بۇرۇنقى ھۆكۈمنىڭ شۇ زامان ۋە شۇ شارائىتقا نىسبەتەن توغرا ئىكەنلىكىنى

تەستىقلاش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ ئورنىغا كېيىنكى زامان ۋە شارائىتقا مۇناسىپ ھۆكۈملەرنى دەسسىتىش ئارقىلىق توغرىلاشتىن ئىبارەت.

بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن تەبلىغ قىلىنغان شەرىئەتنىڭ مىسالى: رىبتى بويىچە ئۈستى ـ ئۈستىگە قويۇلغان خىشلار بىلەن تۆۋەندىن يۇقىرىغا پەللىمۇ پەللە كۆتۈرۈلگەن بىناغا ئوخشايدۇ. شۈبھىسىزكى، ئەڭ ئاخىرقى خىش بىنانى تاماملىغۇچى ئاساسلىق ئامىل بولغىنىدەك، ئەينى ۋاقىتتا ھەم بۇرجەك تېشى ماھىيىتىدە ئىكەنلىكىنى نەزىرىمىزدىن ساقىت قىلماسلىقىمىز لازىم. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە بۇ ھەقىقەتنى ئەڭ گۈزەل تەرىقىدە ئىپادىلەپ: «مەن ۋە مەندىن بۇرۇن ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ مىسالى شۇنىڭغا ئوخشايدۇكى، بىر ئادەم گۈزەل بىر بىنا قۇرۇپ بېزەپ بولغاندىن كېيىن، بىنانىڭ بىر بۇلۇڭىدا بىر خىش ئورنى بوش قالىدۇ. باشقىلار بۇ بىنانى زىيارەت قىلىپ كۆزدىن كەچۈرگەندە، ھەيرانلىق ئىچىدە: شۇ بىر تال خىش ئورنىمۇ بوش قالمىغان بولسىدى، دېيىشىپ قالىدۇ. مانا شۇ بوش ئورۇننى تولدۇرغۇچى خىش ماھىيىتىدىكى ئاخىرقى پەيغەمبەر مەن بولىمەن» دېگەن بولسا، قۇرئان كەرىم: «بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم» دېگەن ئايەتتە، ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئۇنىۋېرسال دىنى بولغان «ئىسلام» بىناسىنىڭ تاماملانغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئەمەلىيەتتىمۇ مەۋجۇدىيەت ئالىمىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ھەر شەيئىدە تاكامۇللۇق قانۇنى مەۋجۇت. بۇ قانۇن شۇ شەيئىنىڭ تۈرىگە قاراپ پەرقلىق باسقۇچلارغا ئايرىلغان. ئالايلۇق، يەرگە سېلىنغان ئۇرۇق باشتا بىخلىنىدۇ، ئاندىن مايسا بولىدۇ، ئاندىن باشاق تارتىدۇ، ئاندىن ھوسۇل بېرىدۇ. شۇنىڭدەك، ھەرقانداق بىر شەخس تۇغۇلغاندىن تارتىپ، بوۋاقلىق، ئۆسمۈرلۈك، ياشلىق ۋە قېرىلىق باسقۇچلىرى بويىچە باشتا ئانا سۈتى، بولماق ۋە يەڭگىل يېمەكلىكلەردىن باشلاپ، نورمال غىزا بىلەن ئوزۇقلىنىشتەك باسقۇچلارغا تامامەن ماسلاشقاندىن كېيىن، ئاندىن نورمال بىر ئىنسان قاتارىغا قوشۇلىدۇ. مىللەت ۋە دۆلەتلەرنىڭ تەقدىرى، شۇنىڭدەك شەرىئەت بەلگىلىرىمۇ شۇ تاكامۇللۇق قانۇنى بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ. مانا بۇ جانابىي ئاللاھنىڭ بۇ ھاياتلىق ئالىمىدە بەلگىلىگەن پۈتۈن مەۋجۇدىيەتنىڭ تەبىئىي ھالدا بويسۇنۇشى زۆرۈر بولغان قانۇنىيىتىدۇر.

داۋامى كېيىنكى ساندا...

بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى:
مۇھەممەد يۇسۇپ



# ئاپتورلىرىمىز سەمىگە...

ئاللاھقا شۈكۈرلەر بولسۇنكى، ژۇرنال مەسئۇلى ۋە تەھرىر ھەيئىتىدىكى جاپاكەشلەرنىڭ ھىممىتى بىلەن ژۇرنىلىمىزنىڭ 3- سانى سىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ژۇرنىلىمىز ھەر يىلدا ئىككى سان نەشر قىلىنىدىغان بولۇپ، ئەقىدە، ئىبادەت، ئەدەپ - ئەخلاق، كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە مۇئامىلە، ئىقىم مەسىلىلىرى، مەشھۇر ئۆلىمالارنىڭ تەرجىمىھاللىرى... قاتارلىق دىنىمىزغا ئالاقىدار ھەرقايسى تېمىلاردا ماقالە قوبۇل قىلىدۇ.

تۆۋەندە ژۇرنىلىمىزنىڭ ئەسەر قوبۇل قىلىش شەرتلىرىنى ئاپتورلىرىمىز سەمىگە سالماقچىمىز:

1. ماقالە مەزمۇنى ئەھلى سۈننەت ئەقىدىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.
2. ئىلمانىي ئىدىيەلەر ياكى ئوتتۇرا يولدىن چەتنىگەن ئاشقۇن پىكىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان بولۇشى كېرەك.
3. ئۆچمەنلىك ۋە پىتنە تارقىتىش خاراكتېرىدىكى ماقالىلەر بولماسلىقى كېرەك.
4. شەخس ۋە كوللېكتىپلارغا قارىتا ھاقارەت تۈسىنى ئالمىغان بولۇشى كېرەك.
5. مىللىتىمىزنىڭ رېئال ئەھۋالى ۋە كەلگۈسىگە ئالاقىدار رىغبەت ۋە ئۈمىدۋارلىق نۇقتىسىدىن يېزىلغان مۇلاھىزە ماقالىلىرى، شۇنداقلا تارىخىمىزدا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ھاياتى يورۇتۇلغان، مۇھاجىرەتتىكى قېرىنداشلىرىمىزغا ئۈمىد، ئىلھام، ئىپتىخار بېغىشلايدىغان ماقالىلەر ئالدىن ئويلىشىلىدۇ.
6. ماقالىلەر ئۆلچەملىك ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا يېزىلغان بولۇشى، گىراماتىكا ۋە ئىملا قائىدىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.
7. ئايەت، ھەدىسلەر ۋە باشقا نەقىل مەنبەلىرى بەت ئاستىغا ئىزاھات شەكلىدە بېرىلىشى كېرەك.
8. ئايەتلەرنىڭ تېكىستى گۈللۈك ﴿ ﴾ تىرناق ئىچىگە، تەرجىمىسى قوش « » تىرناق ئىچىگە، ھەدىسلەرنىڭ تېكىستى چوڭ [ ] تىرناق ئىچىگە، تەرجىمىسى قوش « » تىرناق ئىچىگە، ئىزاھاتلار بەت ئاستىغا ئېلىنىشى كېرەك.
9. تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئەسلى مەنبەسىنى قوشۇپ ئەۋەتىشى كېرەك.
10. ئۆزلەشتۈرۈلگەن ماقالىلەر چوقۇم ئەسكەرتىلىشى كېرەك.
11. مەيلى ئىجادىي بولسۇن، ياكى تەرجىمە بولسۇن ،تېما تاللىغاندا مۇمكىنقەدەر ئۇيغۇرلارغا يېڭى ھېسابلىنىدىغان تېمىلارنى تاللاش تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

# ژۇرنلىمىز ھەققىدە

ئەسسالامۇئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلىرىمىز!

ژۇرنىلىمىز «شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى» تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان بولۇپ، چەت ئەلدىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتىش ۋە دىنىمىزنى توغرا يوسۇندا چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ دىنىنى ۋە ئانا تىلىنى قوغداشنى مەقسەت قىلىدۇ.

دىنىمىز بىلەن تىلىمىز مىللىتىمىزنىڭ مەۋجۇتلۇق ئومۇرتقىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ يوقىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، دىنىنى ۋە ئانا تىلىنى قوغداش ئىنتايىن مۇھىم. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى تۈرلۈك مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلىپ يارىتىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنى ئۆزىگە خاس تىل ۋە مەدەنىيەتكە ئىگە قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئانا تىلغا بولغان مۇھەببەت ئاللاھ تائالاغا بولغان سەمىمىيەتنىڭ ۋە شۈكۈرنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ بۇ نۇقتىنى ياخشى ئويلىنىشى، ئۆز دىنىغا ۋە ئانا تىلىغا بولغان سەزگۈرلۈك ۋە مۇھەببەتلىك تۇيغۇلىرى بىلەن بۇ ژۇرنالنى ئوقۇشى، ئائىلىسىدە ساقلاپ قويۇشى، بالىلىرىغا ئوقۇتۇشى ۋە قىممەتلىك ئەسەرلىرى ۋە پىكىر-تەكلىپلىرى ئارقىلىق ژۇرنالنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچ قوشۇشى، قولىدىن كېلىشىچە قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

بۇ ژۇرنالنىڭ نەشر قىلىنىشىغا تۈرتكە بولغان سەۋەبلەرنىڭ يەنە بىرى، ۋەتىنىمىز ۋە چەت ئەللەردە دىنىي ساھەدە ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە قىلىۋاتقان بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا ئوي - پىكىرلىرىنى بايان قىلىش ۋە يۈرەك تىۋىشلىرىنى خەلقىمىزگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن سەھنە ھازىرلاپ بېرىش، شۇنداقلا دىنىي ساھەدىكىلەرنى ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈش مۇنبىرى بىلەن تەمىنلەشتىن ئىبارەت.

ژۇرنىلىمىزدا ئەقىدە، ئەخلاق، ئىبادەت ۋە مۇئامىلە... قاتارلىق تېمىلار ئەھلى سۈننەتنىڭ يولى ۋە ئوتتۇرا ھاللىق پىرىنسىپى بويىچە يورۇتۇپ بېرىلىدۇ، شۇنداقلا «شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى»نىڭ مۇھىم پائالىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ ۋە زۆرۈر پەتىۋالار بېرىلىدۇ. كەڭ ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ پىكىر - تەكلىپ بېرىشىنى ۋە يېقىندىن قوللىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن:

«ئۆلىمالار» ژۇرنىلى تەھرىراتى